
ئومۇمىي 37-سان

2022 سىنتەبىر


# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs




## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

## The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قائىدىسىز ئۇرۇش
1


خىتاي ۋە تاراتقۇلار
82


شى جىنپىڭ ۋە ئامېرىكا
94

2022 سېنتەبىر

ئومۇمىي 37-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە

## مسلسز ئويغنش


ختاي خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى قانداق تىزگىنلمەكچى؟

ئەدوغان «ب د ت»دا ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق نىمە دېدى؟ 68

ئوكسفورد تارىخچىسىدىن بىگى يىپەك يولىغا نەزەر 107


## ختاي تەتقىقاتى


قائدىسىز ئۇرۇش


## خەلقئارا ۋەزىيەت


شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكاغا قارشى مۇجادىلىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 45


## كۈلىستان


قانداق قىلغاندا چەتئەل تىلىنى تېز ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟


**مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى بىرنارە سىزغان**

## تارىخ ۋە بىز


قەشقەر خانلىقىنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى 29

شەيخ ھەبىبۇللا غازى خەلپە ئوغلى 100


## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام


ئىسلامىي پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان 57


## ساغلاملىق


ئىچىمىزدىكى سىرلىق ئالەم 78


## ئۇيغۇر تەتقىقاتى



چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل سىياسىتى 89


ساختىپەز 62







خىتاي تەتقىقاتى

# WAR WITHOUT RULES



# قائىدىسىز ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ



BRIGADIER GENERAL
ROBERT SPALDING
(US AIR FORCE, RETIRED)

# تۆتىنچى باب: قورال ئىنقىلابى

## (بېشى ئالدىنقى ساندا)

## «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ بىرىنچى بابىدىن نەقىللەر

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۇي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

قورال ئىنقىلابى ھەردائىم ھەربىي ئىنقىلابنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئىنقىلاب خاراكتېرلىك قورال مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ھەربىي ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسىدۇر. بۇنداق پاكىتلار ئۇرۇش تارىخىدا ئىزچىل ئۆكسۈمەي كەلدى: تۇچ ياكى تۆمۈردىن ياسالغان نەيزە ۋە قالقان تۇتقان پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زىچ ھالەتتە قاتمۇقات سەپ تۈزۈش تاكتىكىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئوقيا بىلەن ئۈزەڭگە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يېڭى تاكتىكا بىلەن تەمىنلىدى. قارا مىلتىق دورىسى ئىشلىتىلىدىغان مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەردىن يېقىن دەۋردىكى بىر پۈتۈن ئۇرۇش ئەندىزىسى ۋۇجۇدقا كەلدى ... كونۇس باشلىق ئوق (ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان ئوقلار شۇ، ت) بىلەن تاللىق مىلتىق تېخنىكا دەۋرىنىڭ سەركىلىرى سۈپىتىدە جەڭگاھقا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، قوراللار كەسكىن ھالدا ئۇرۇشنىڭ مەيدىسىگە ئۆز ئىسمىنى ئويۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن، پولات قاپلىملىق چوڭ پاراخوتلار دېڭىزغا ئاتامانلىق قىلىپ، «ئۇرۇش پاراخوتى دەۋرى»نى باشلىدى. ئاندىن، ئۇنىڭ قېرىندىشى «تانكا» قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا ئۆز تامغىسىنى ئۇردى. ئارقىدىن ئايروپىلانلار سامادا دەۋر سۈردى. ئاخىرىدا، ئاتوم بومبىسى دەبدەبە بىلەن سەھنىگە چىقىپ، «يادرو دەۋرى»نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۈگۈن، زور مىقداردىكى يېڭى-يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللار توختىماستىن مەيدانغا چىقماقتا ... (كىشىلەر ئۇنى) «ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش»، «دەل جايىغا تېگىدىغان قوراللار ئۇرۇشى»، «ئۇچۇر ئۇرۇشى» دەپ ئاتاشماقتا. كىشىلەر تەپەككۇر ئورىبىتىسىدىكى ئىنېرتسىيەلىك سىيرىلىش جەريانىدا، ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان، ئەمما تولىمۇ مۇھىم بولغان ئۆزگىرىشنىڭ ئاستا-ئاستا يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيۋاتاتتى. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**بۇ ئىككى ئاپتور ئوقۇرمەنلەرنى ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەپەككۇر ئەندىزىسىنى تېگى-تەكتىدىن ئۆزگەرتىشكە ئۈندەيدۇ.**

## «ھېچقانداق قورالنىڭ ئۆزى يالغۇز ئۇرۇشقا ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى يوق»

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

... ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي ئىنقىلاب نوقۇل ھالدا بىر ياكى ئىككى خىل قورال ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ ... ئۆتمۈشتە ئۆزەڭگە، ماكسىم مىلتىقى دېگەندەك بىر قانچە خىل قورال ياكى ئەسلىھەلەرنىڭ كەشىپ قىلىنىشىلا ئۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولالايتتى. ھازىر بولسا يۈزلىگەن قوراللاردىن شەكىللەنگەن بىر قانچىلىغان قورال سىستېمىسى ئارقىلىق ئاندىن ئۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، قوراللار قانچە كۆپ ئىجاد قىلىنىغانسېرى، يەككە قورالنىڭ ئۇرۇشتىكى رولى شۇنچە كىچىك بولىدۇ. بۇ قورال بىلەن ئۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە يوشۇرۇنغان زىتلىق نەزەرىيەسىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يادرو قورالى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئەھۋالنى «يادرو ئۇرۇشى» دەپ ئاتاشقا بولغاندىن سىرت، باشقا ھەرقانداق قورالنىڭ ــ ھەتتا پەۋقۇلئاددە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بولغان تەقدىردىمۇ ــ كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشقا ئۆزى يالغۇز ۋەكىللىك قىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرى تېخنىكا كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ مەنىداش سۆزى بولالمايدۇ. بۈگۈنكى يۇقىرى تېخنىكىلارنىڭ بىرى بولغان، زامانىۋى قوراللارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تەركىبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ بىر مەيدان ئۇرۇشقا ئۆزى يالغۇز ۋەكىللىك قىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ. كەلگۈسىدىكى بىر مەيدان ئۇرۇشتا بارلىق قوراللار ئۆزلىرىگە سەپلەنگەن ئۇچۇر دېتالى ئارقىلىق يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇچۇرلاشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، بىز يەنىلا بۇ خىل ئۇرۇشنى «ئۇچۇر ئۇرۇشى» دەپ ئاتىيالمايمىز ... چۈنكى، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا ھەربىر تۈرلۈك تېخنىكىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئاللىقاچان يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇچۇر تېخنىكىسى سەپلەنگەن 22ـF تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان يەنىلا كۈرەشچى ئايروپىلان، «جەڭ پالتىسى» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەنىلا باشقۇرۇلىدىغان بومبا، بۇلارنى تومتاقلا قىلىپ «ئۇچۇر قوراللىرى» دېيىلىشقا ۋە بۇ قوراللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنى «ئۇچۇر ئۇرۇشى» دېيىلىشقا بولمايدۇ. كەڭ مەنىدىكى «ئۇچۇرلاشقان ئۇرۇش» بىلەن تار مەنىدىكى «ئۇچۇر

ئۇرۇشى» تامامەن پەرقلىق ئىككى ئىش. ئالدىنقىسى ئۇچۇر تېخنىكىسى ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلگەن ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ياندىشتۇرۇلغان خىلمۇخىل ھالەتتىكى ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ كېيىنكىسى بولسا ئاساسلىقى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ۋاسىتە قىلىپ ئۇچۇرغا ئېرىشىدىغان ياكى ئۇچۇرنى چەكلەيدىغان ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ ...

بىز كەلگۈسىدىكى جەڭگاھلاردا بەزى ئىلغار قوراللارنىڭ يەنىلا باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلىشتە، ھەرقانداق قورالنىڭ تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە بولالىشى بەسى مۈشكۈل. مەلۇم بىر خىل قورال يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن-يۇ، ئەمما بىردىنبىر تاللاش بولالمايدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئۆزگەرمەي تۇرالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ... (نەقىل ئاخىرلاشتى.)

**ئامېرىكادىكى نۇرغۇن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ــــ بولۇپمۇ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى ئىراق ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دونالد رامسفېلد (Donald Rumsfeld) ــــ ئىزچىل ھالدا قورال سىستېمىلىرىمىزنىڭ دەل جايىغا تەگكۈزۈش ئىقتىدارىنى ۋە قىرغىن قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كۈچەپ كەلدى. رامسفېلد بۇ خىل مېتودنى «ھەربىي ئىنقىلاب» دەپ ئاتىدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى ئاساسلىق ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىدى. ئۇ تېخنىكا ئارقىلىق ھەربىر ھەربىي جەريانىنى تېزلىتىشكە، ھەربىر ھەربىي تەھدىتكە قايتۇرۇلغان ھەربىر ئىنكاسنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىشقا ھېرىس ئىدى.**

**لېكىن، چىياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي بىزنىڭ ئىلغار قوراللارغا غايەت زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشىمىزنى بايلىقنى خاتا ئىشلەتكەنلىك، خەلقئارالىق توقۇنۇشلاردىكى ھەقىقىي مۇھىم ئىشتىن خەتەرلىك رەۋىشتە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىك، دەپ قارايتتى. ئەلۋەتتە، تارىختا نەزەر سالغىنىمىزدا، قايسى دۆلەتنىڭ ئەڭ تېز ئۇرۇش پاراخوتىغا، ئەڭ بەك جايىغا تەگكۈزەلەيدىغان زەمبىرەككە، (بىر قېتىملىق يېقىلغۇ بىلەن) ئەڭ يىراققا ئۇچالايدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئىگە ئىكەنلىكى پەقۇلئاددە مۇھىم ئىدى. لېكىن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرى شۇنداق بىر يېڭى دەۋرنى كۆرۈپ يەتكەنىدىكى، بۇ دەۋردە يۇقىرىقى كۆرسەتكۈچلەر بارغانسېرى مۇھىم بولماي قالغانىدى. مەسىلەن، ئەگەر ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئەڭ زور تەھدىت ھاۋادىن كەلمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا 22-F كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ قانچىلىك تېز، ئەجەللىك ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق.**

**شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق زۆرۈركى، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى يېزىلغان. «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دە، «ئەلقائىدە» تۆۋەن تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ئەڭ ئاددىيلىرى ــــ قولدا يەشىك پىچىقى ۋە جىھادتا ئۆلۈش ئارزۇسىدىن باشقا نەرسىسى يوق 19 كىشى ــــ ئارقىلىق ئامېرىكانى غايەت زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. بەشبۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت**

**مۇداپىئە مىنىستىرلىقى) ئىلغار سىستېمىلارغا سەرپ قىلغان نەچچە مىليارد دوللار بۇ خىل غەيرىي ئەنئەنىۋى تەھدىتنى توسۇپ قالالمىدى. 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىتتىپاقداشلىرى غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تالىباننى تۈنجى قېتىم ۋە ماھىرلىق بىلەن مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىشلار ناھايىتى تېزلا ئەنئەنىۋى شەكىلگە كىردى. تالىباننىڭ ئافغانىستاندىكى ئومۇمەن ئاجىز قوشۇننى توسۇش ئۈچۈنلا نۇرغۇن يىل ۋە مىليارد دوللارلاپ پۇل كەتتى. بۇ خىل ئۇرۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ جان ۋە مال جەھەتتىكى چىقىملىرى بەكلا يۇقىرى بولۇپ كەتتى. ئىراقتا، بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئەلالاشتۇرۇلغان نۇسخىسى بولمىش، چەبدەس ۋە غايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە قوشۇن ئىشقا سېلىنغان بولسىمۇ، ۋەھشىي پارتىزانلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن مالىمانچىلىقنى باستۇرغىلى بولمىدى. نەچچە مىڭلىغان ئامېرىكالىقنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، نەچچە يۈز مىليارد دوللارنى سورۇۋەتكەن بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلگىنى پەقەت زەئىپ (يەنى ھەرۋاقىت بۇزۇلۇشى مۇمكىن بولغان) تىنچلىق بولدى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ چىقىمى ئىككى تىرىلىيون دوللاردىن ئاشىدۇ دەپ مۆلچەرلەنمەكتە، ھەتتا بۇ چىقىمنى تۆت تىرىلىيونغا يېتىدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار.**

**خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۆلچەرنىڭ «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا دەلىللىنىشى كاتتا خۇش خەۋەر ئىدى. خىتاينىڭ ھەتتا 22 ـ F چىلىك ئىلغارلىقتىكى كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. چۈنكى، بىز كۆرەشچى ئايروپىلان دەۋرى بىلەن خوشلاشقانىدۇق. شۇنداقلا، خىتاي غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇرۇش جەھەتتە، سادام ھۈسەيندەك مۇتەئەسسىپ مۇستەبىتتىن بەكلا مۇنەۋۋەر بولالايتتى.**

## «قانداق قورال بولسا شۇنداق ئۇرۇش قىلىش بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنداق قورال ياساش»

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۇي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

ئۇرۇش تارىخى پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەر ئىزچىل رىئايە قىلىپ كەلگەن بىرەسمىي پرىنسىپلاردىن بىرى «قانداق قورال بولسا شۇنداق ئۇرۇش قىلىش»تۇر. كۆپىنچە ھاللاردا ئاۋۋال بىر خىل قورال ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئۇرۇش تاكتىكىسى شەكىللەنگەن

بولۇپ، تاكتىكا قورالغا ئەگىشىپ كېلەتتى. قوراللارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ چەكلەش رولىغا ئىگە ئىدى ...

بۈگۈن ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ... شۇنى بىلمەيدۇكى، ئامېرىكادەك دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتمۇ بۇ خىل چارىسىزلىككە يۈزلىنىشكە مەجبۇر. بايلىق ھەرقانچە ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، تامامەن يۇقىرى-يېڭى تېخنىكىلىق قوراللارنى ئىشلىتىپ يۇقىرى چىقىملىق زامانىۋى ئۇرۇش قىلغىلى بولۇشى ناتايىن ...

ئەگەر بىراۋ زامانىۋى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئىلغار قوراللارغا تايىنىش كېرەك دەپ قاراپ، بۇ خىل قوراللارنىڭ ئاجايىب رولىغا قارىغۇلارچە ئىشەنسە، ئۇنداقتا كارامەتنى قاباھەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ...

بۇ خىل ئۇسۇل قورالنىڭ ھەرۋاقىت ھەربىي ئىنقىلابقا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئورنىنىڭ تەۋرەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇرۇش تاكتىكىسى ئاۋۋال مەيدانغا چىقىپ، ئاندىن (شۇ تاكتىكىغا ماس كېلىدىغان) قوراللارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە تۈرتكە بولۇپ ئىلگىرىلىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى ... ھېلىھەم تەتقىق قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇش تاكتىكىسى ئۈچۈن مەخسۇس بىر يۈرۈش قورال سىستېمىسى ئىجاد قىلىش مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا زىياپەت تەييارلىغانغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا شۇنچىكى ئېگىز-پەسلىك كۆرۈلسىلا، كۈتۈلمىگەن بىمەنە ئاقىۋەت يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ سومالىدا ئەيدىد (سومالىلىق مىلىتارىست مۇھەممەد ئەيدىد، ئۇ 1990-يىللارنىڭ بېشىدا چەتئەل قوشۇنلىرىنى سومالىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان) ئارمىيەسىگە دۇچ كەلگەن چاغدىكى چارىسىزلىكىدىن قارىغاندا، ئەڭ زامانىۋى قوشۇنمۇ ھەممىگە ماس كېلىۋەرمەيدىغان بولۇپ، ئۇ نورمال تەرتىپ بويىچە ئىش قىلمايدىغان رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. كەلگۈسىدىكى جەڭگاھتا، رەقەملەشكەن قوشۇنلار خام قايماقلىق چوڭ راك قورۇمىسى قورۇشقا ماھىر ئاشپەزگە ئوخشاش، قوناقتىن باشقىنى يېگىلى ئۇنىمايدىغان پارتىزانلارغا قارىتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن ... مەۋجۇت ئۇرۇش مىسالىلىرىدىن قارىغاندا، يۇقىرى تېخنىكىلىق قوشۇنلار بىرەسمىي ئۇرۇشلارنىڭ ۋە تۆۋەن تېخنىكىلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا قىينىلىدۇ ... (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**ئاپتورلارنىڭ بۇ دىياگنوزى توغرا. ئاتامان كۈچنىڭ ئۆزى يالغۇز ئىلغار قورالغا ئىگە بولۇشى تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا زور ئەۋزەللىك ئاتا قىلماس بولدى. ئامېرىكانىڭ غايەت زور يادرو قوراللار ئامبىرى 1990-يىلى سومالىدىكىدەك كىچىك كۆلەملىك ئورۇنلاشتۇرمىلاردا ياكى 2000-يىللىرى ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكىدەك «ئىسياننى تىنجىتىش» ھەرىكەتلىرىدە كارغا كەلمىدى. بىز (ئامېرىكا) رامسفېلدنىڭ ھەربىي ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە غايەت زور چىقىم قىلىپ ياساپ چىققان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان بارلىق**

**ئەنئەنىۋى ئىلغار قوراللارمۇ شۇنداق. («چەكلىمىسىز ئۆرۈش»نىڭ ئاپتورلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن) «چارىسىزلىك» كۆچلۈك ئىبارە بولسىمۇ، لېكىن مۇبالىغە ئەمەس. بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قوراللارغا ئىگە بولغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئۆزىمىزنى تولىمۇ كۆچلۈك چاغلايمىز، لېكىن بىز ئۇرۇشتا ئۆز قوراللىرىمىزنىڭ تولۇق كۆچىنى، ھەتتا شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سەۋىيەسىنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتىمىز. بىز ئۆزىمىز ئىشتىراك قىلغان ئۇرۇشلاردا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق قوراللارنى ياساشتا، مەسلەن ئۆنۈملۈك «ئىسيانىنى تىنجىتىش» ئىستراتېگىيەسى تۈزۈشتە قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئارقىدا قالدۇق.**

**مەن 2014-يىلى بەشبۇرجەكلىك بىنادا مەزكۇر پاراگرافنى ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە تەكرار ئوقۇغىنىمنى ئەسلىيەلەيمەن. ئۇ بىزنىڭ 1990-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلىرىمىزنى ۋە بىزنىڭ خەلقئارالىق توقۇنۇشلارنىڭ يۈزلىنىشىنى قايسى دەرىجىدە خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىمىزنى يورۇتۇپ بەرگەندى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىمكانقەدەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى (بۇ خۇسۇستا) ئاگاھلاندۇرۇشقا بەل باغلىدىم.**

## «يېڭى ئۇقۇم قوراللىرى ۋە قورال-ياراغ توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار»

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

... ئەنئەنىۋى تەپەككۇرغا بىنائەن ياساپ چىقىلغان ئۇشبۇ قورال ۋە قورال سۈپىلىرى زامانىۋى ئۇرۇشقا ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىش ئۇرۇنۇشى جەھەتتە ئىستىسناسىز («ئىستىسنا» ئىبارىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «قائىدە-قانۇندىن، ئومۇمىي پرىنسىپ، تەرتىپتىن ياكى قاتاردىن، ھېسابتىن تاشقىرى؛ قائىدە-قانۇن، ھېسابلارنىڭ سىرتىدا؛ مۇستەسنا» دەپ شەرھلەنگەن.-ت) ھالدا تۇيۇق يولغا كىرىپ كىردى. يۇقىرى تېخنىكىنىڭ سېھرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى قوراللاردىن ئىبارەت «تاش»نى «گۆھەر»گە ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغانلار چەكلىك خىراجەتنى چەكسىز رەۋىشتە خورىتىپ، ھەربىي ھازىرلىق بەيگىسىگە چۈشىدىغان يۇقىرى تېخنىكا تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتتى. مانا بۇ ئەنئەنىۋى قوراللارنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان زىتلىقتۇر.

قورال-ياراغ جەھەتتىكى ئىلغارلىقنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەتقىقات خىراجىتىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەتقىقات خىراجىتىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش ھېچكىمنىڭ ھەرۋاقىت ئۈستۈنلۈككە كاپالەتلىك قىلغۇدەك خىراجىتى قالماسلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، دۆلەتنى قوغدايدىغان ئىلغار قوراللار دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاملغا ئايلىنىدۇ.

بەلكىم ئەڭ يېقىنقى پاكىستانىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئەڭ زور بولۇشى مۇمكىن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ باش شتاب باشلىقى، مارشال ئوگاركوۋ (Николай Васильевич Огарков) «يادرودىن كېيىنكى دەۋر»دىكى قورال-ياراغلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئېنىق تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدىكى شارائىتتا ماس ھالدا «ھەربىي تېخنىكا ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت يېپيېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىدىيەسىنىڭ دەۋرداشلىرىدىن ئىلغار ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئىلغارلىق ئۆز دۆلىتىگە بەخت-سائادەت ئەكەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولدى ... ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى. لېكىن، ئەينى چاغدا ھېچكىم بۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك رىقابەتتە (ئامېرىكاغا) تەلتۆكۈس يېڭىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى. قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيەنىڭ بىر پاي ئوق ئاتماستىنلا چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىشى رۇديارد كىپلىڭنىڭ (Rudyard Kipling) «ئىمپېرىيە گۈمبۈرلەش سادالىرى ئىلكىدە ئەمەس، بەلكى پىخىلداشلار ئىچىدە ھالاك بولىدۇ» دېگەن شېئىرىنىڭ جانلىق رېئاللىقىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا خاس ئەھۋال ئەمەس. بۈگۈنكى ئامېرىكالىقلارمۇ كونا رەقىبىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بىز ئوتتۇرىغا قويغان قورال-ياراغ تەرەققىياتىدىكى زىتلىق نەزەرىيەسىنى يېڭى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەۋاتقاندەك قىلىدۇ. تېخنىكىلار بىر پۈتۈنلىشىۋاتقان بۇ دەۋرنىڭ سېيماسىنىڭ بارغانسېرى روشەنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى قورال-ياراغ تەتقىقاتىغا ئاجراتقان خىراجەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، قورال-ياراغلارنىڭ باھاسىمۇ بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە ... ئەگەر بايلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان ئامېرىكانىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولسا، ئىقتىسادتا قىينىلىدىغان دۆلەتلەر بۇ يولدا قانچىلىك ماڭالار؟ شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ (يېڭى قورال-ياراغ ياساشقا توختىماي پۇل خەجلەيدىغان) بۇ يولدا داۋاملىق ماڭالىشى بەسى مۈشكۈلدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇ خىل مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقا چارە ئىزدىمەك لازىم.

... لېكىن، ئامېرىكالىقلار بۇ جەھەتتە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىدى. چۈنكى، قورال-ياراغ توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا يېڭى تېخنىكىنى ئاساس قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ، سۈزۈك ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇر بولسىلا كۇپايە. ھالبۇكى، تەپەككۇرى تېخنىكىغا تايىنىپ قالغان ئامېرىكالىقلار بۇنىڭغا ئانچە ماھىر ئەمەس. تېخنىكىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن ساھەلەرگە كەلگەندە، ئامېرىكالىقلارنىڭ تەپەككۇر تىنىقلىرى ھەمىشە توختاپ قالىدۇ. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان يەر تەۋرەش، دېڭىز تاشقىنى، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا رايى ياكى ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنى، يېڭى بىيو-خىمىيەلىك قورال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۇقۇم قوراللىرىغا تەۋە ھەمدە بۇلار بىز ئادەتتە گېپىنى قىلىدىغان قورال-ياراغلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ھەربىي ئىشلار بىلەن، ھەربىيلەر بىلەن ۋە قورال-ياراغ سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان،

بىۋاسىتە ئۆلتۈرۈش-يارىلاندۇرۇشنى ۋە ۋەيران قىلىشنى نىشان قىلغان قورالـلاردۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار پەقەت قورال-ياراغ مېخانىزمى ئۆزگەرتىلگەن، قىرغىن قىلىش كۈچى ۋە ۋەيران قىلىش كۈچى جەھەتتە ھەسسىلەپ كۈچلەندۈرۈلگەن غەيرىي ئەنئەنىۋى قوراللاردۇر، خالاس.

لېكىن، قورال-ياراغ تونغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ ... ئىنسانىيەتكە بەخت ئەكېلەلىگەن ھەرقانداق نەرسە ئۇلارغا زىيانمۇ سالالايدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بۈگۈنكى دۇنيادا قورال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھېچنەرسە يوق، بۇ بىزدىن قورال-ياراغلارغا بولغان تونۇشتا بارچە پاسىللارنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان ئاڭ ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى قورال-ياراغ تۈرلىرىنى ھە دەپ كۆپەيتىۋاتقاندا، تەپەككۇردىكى بۆسۈش بىراقلا قورال-ياراغ مەملىكىتىنىڭ ھۇدۇدلىرىنى كېڭەيتىۋەتتى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، بىر قېتىملىق سۈنئىي ياي چېكى ئاپىتى، بىر قېتىملىق كومپيۇتېر ۋىرۇسى ھۇجۇمى، دۈشمەن دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى بىرەر قېتىم داۋالغۇتۇش، ياكى دۈشمەن دۆلەتنىڭ باشلىقىنىڭ سەتچىلىكلىرىنى تورغا يېيىۋېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۇقۇم قوراللىرى قاتارىغا كىرىدۇ ...

چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، قورال-ياراغ توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار نۆۋەتتە پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ باغلىنىشلىق قوراللارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقتا ... قورال-ياراغ توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار ئاددىي ئىنسانلارنى ۋە ھەربىيلەرنى ئۆز يېنىدىكى ئادەتتىكى نەرسىلەرنىڭمۇ ئۇرۇشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قورالغا ئايلانغانلىقىدىن ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كىشىلەر مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە ئويغانغاندا ئەسلىدە مۇلايىم، رايىش بولغان نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ ھۇجۇمچان ۋە قىرغىنچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**ئاپتورلار مەزكۇر پاراگرافتا ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنىڭ خاتا قوللىنىلغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىنى يوشۇرمىغانىدى. 1999-يىلى 298 مىليارد بولغان مەزكۇر خامچوت، 2020-يىلىغا كەلگەندە 700 مىليارد دوللاردىن ئاشتى. بىز دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىتنى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش جەھەتتىكى رەھىمسىز پىلانىغا بىنائەن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەخپىي ئۇرۇشنى بىتچىت قىلالمايلا قالماي، ئۆزىمىزنى تەگسىز دۆلەت قەرزى پاتقىقىغا پاتۇردۇق.**

**ئاپتورلار 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىبرەت ئالغان ۋە ئۇنىڭ ھالاكىتىگە ئىلغار قورال-ياراغ سىستېمىلىرىغا سەرپ قىلىنغان زىيادە چىقىمنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان يادرو قوراللىرى رىقابىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى بىر پاي ئوق ئېتىلماستىنلا ئاياغلاشتى. ئەگەر ئامېرىكامۇ ئۆزىنىڭ ۋەيران بولاي دېگەن ئۆل مۇئەسسەسلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا تەخىرسىز ئېھتىياجلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، يادرو قورالغا ئىگە رەقىبىگە (مەسىلەن، خىتايغا) قارىتا كارغا كەلمەيدىغان ئىلغار قوراللارغا زىيادە كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىش**

سەۋەبلىك دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالسا، بۇ ھەقىقەتەن چېكىگە يەتكەن مەسخىرە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز بايلىقلىرىنى قورال-ياراغ رىقابىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ياسىمىچىلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا، شۇنداقلا تاشقى دۇنيانىڭ مەزكۇر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ پۇقرالارنى كونترول قىلىشقا ئارىلىشىشىنى توسىدىغان «تور سەددىچىنى»نى مۇستەھكەملەشكە ئىشلىتىپ كەلدى.

ئۇلار يەنە ئامېرىكالىقلارنى خىتاينىڭ خەلقئارا توقۇنۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن مەخپىي ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ــــ ئىجرا قىلىشتىنغۇ پەقەتلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ ــــ «تېخنىكا قۇللىرى» دەپ مازاق قىلغان. بۇ پولكوۋنىكلار يەنە «ئامېرىكالىقلار ‹ئىنسانىيەتكە بەخت ئەكېلەلىگەن ھەرقانداق نەرسە ئۇلارغا زىيانمۇ سالالايدۇ› دېگەن روشەن ھەقىقەتكە قارىماستىن، يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋە قىممەت باھالىق بولمىغان قوراللارنى قورال دەپ قارىيالمايدۇ» دېگەن نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلارنىڭ يادرولۇق نۇقتىئىينەزىرى ئەنە شۇدۇر: خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدىن تاراتقۇلىرىمىزنىڭ (بۈگۈن بۇنىڭغا ئىجتىمائىي تاراتقۇ قوشۇلدى) يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ئۇسۇلىغىچە، كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى دېگۈدەك قورالغا ئايلاندۇرۇش زۆرۈر. بىيولوگىيەلىك ياكى خىمىيەلىك ئۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ ياكى سۈنئىي يەر تەۋرەش (بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پولكوۋنىكلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن) پەيدا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئامېرىكا پۇقرالىرىغا بۇ شەكىلدە ھۇجۇم قىلىنسا، بۇ ئامېرىكانىڭ ۋەيران قىلغۇچ ئەنئەنىۋى ھەربىي ئىنكاس قايتۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا خىتاي كومپارتىيەسى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ۋەيرانچىلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئىجادىي ــــ ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ــــ يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ.

بۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ «ئىقتىسادتا قىينىلىدىغان دۆلەتلەر»نى تىلغا ئالغانلىقى بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، گەرچە ئامېرىكا خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ يەنىلا نۇرغۇن بولغۇسى دۈشمەنلىرى بار. «ئىقتىسادتا قىينىلىدىغان دۆلەتلەر بۇ يولدا قانچىلىك ماڭالار؟» دېگەن جۈملە خىتاينىڭ ئۆتمۈشتە ئۆزى بىلەن توقۇنۇشۇپ باققان ياپونىيە، ھىندىستان، ۋيېتنام ۋە تەيۋەندىن ئىبارەت ئاسىيادىكى ئېھتىياتچان قوشنىلىرىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى پاراگرافتا، تولىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان تەرزدە خەلقئارالىق قانۇننى ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ئۇقۇمىنى ئېتىراپ قىلغان. ھالبۇكى، ئاپتورلار كىتابىنىڭ باشقا يەرلىرىدە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ نىزاملىرى بولمىش بۇ ئۇقۇملارنى ئانچە كۆپ تىلغا ئالمايدۇ. ئۇلار «بىز يادرو ئۇرۇشنى ياكى مەلۇم تۈردىكى كەڭ كۆلەملىك بومباردىماننى ئويلاشمىساقلا، جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىشتىكى باشقا بارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشىمىز جائىزدۇر» دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

## قوراللارنىڭ «مۇلايىملاشتۇرۇلۇش» يۈزلىنىشى

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۇي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

پەلسەپىۋى پرىنسىپلار بىزگە شۇنى ئېيتىدۇكى، بارچە شەيئىلەر چېكىگە يەتكەندىن كېيىن ئەكسىگە يانىدۇ. يادرو قورالىرىغا ئوخشاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان «دەرىجىدىن تاشقىرى قىرغۇچى قوراللار» ئىنسانىيەتنى ئۆزى قۇرغان مەۋجۇتلۇق تۇزىقىغا چۈشۈردى. يادرو قورالى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان داموكلېس شەمشىرىگە (Sword of Damocles) ئايلىنىپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى: بىز ھەقىقەتەن «دەرىجىدىن تاشقىرى قىرغۇچى قوراللار»غا موھتاجمۇ؟ دۈشمەننى يۈز قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىر قېتىم ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ يەرشارىنى ۋەيران قىلىش خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىپ تۇرۇپ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ قانداق قىلغاندا ھەممە تەڭ ھالاك بولىدىغان ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

ھەرقانداق زور تېخنىكىلىق كەشپىيات بىردەك ھالدا چوڭقۇر كۇلتۇرەل ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى 1948 ـ يىلى ماقۇللىغان «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بۇنىڭغا ئالاقىدار ئەللىكتىن ئارتۇق ئەھدىنامە دۇنيا ئۇچۇن بىر يۈرۈش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىنى بەلگىلىدى. مەزكۇر ئۆلچەملەردە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى، بولۇپمۇ يادرو قوراللىرىنى ئىشلىتىش «ياشاش ھوقۇقى»غا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق، «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ قارالدى ... قوراللارنىڭ «مۇلايىملاشتۇرۇلۇشى» دەل ئىنسانىيەتنىڭ كۇلتۇرەل ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى بۇ خىل زور ئۆزگىرىشنىڭ قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تەرەققىياتى جەھەتتىكى ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخنىكىدىكى ئىلگىرىلەشلەرمۇ دۈشمەننىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا بىۋاسىتە زەربە بېرىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان ۋاستىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى نۇرغۇن يېڭى ئىمكانلار بىلەن تەمىنلىدى. مانا بۇلار كىشىلەرنى «ئەڭ ياخشى غەلىبە قىلىش چارىسى ئۆلتۈرۈش ـ يارىلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى تىزگىنلەشتۇر» دېگەن قاراشقا ئىشەندۇردى. ئۇرۇش ئۇقۇمىدىمۇ، قورال ـ ياراغ ئۇقۇمىدىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. چەكلىمىسىز قىرغىن قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا قىستاش خىيالى ئۆتمۈشنىڭ ئىزنالىرىغا ئايلىنىپ قالدى ...

نىشانىنىلا ئۆلتۈرىدىغان (دەل جايىغا تەگكۈزىدىغان) قوراللار بىلەن ئۆلتۈرمەيدىغان (ئەجەلسىز) قوراللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى قورال ـ ياراغ تەرەققىياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. بۇ قورال ـ ياراغلارنىڭ تۇنجى قېتىم «كۈچلەندۈرۈلۈش» يۈنىلىشىگە ئەمەس، بەلكى «مۇلايىملاشتۇرۇلۇش» يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. نىشانىنىلا ئۆلتۈرىدىغان قوراللار نىشانغا دەل جايىدا زەربە

بېرىپ، قوشۇمچە ئۆلۈم-يېتىمنى ئازايتىدۇ. ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسەن قان چىقارمايدىغان گامما پىچىقىغا (Gamma Knife ــ بۇ ھەقىقىي پىچاق بولماستىن، ستېرېئولۇق نىشان بەلگىلەيدىغان رادىئوئاكتىپلىق ئوپېراتسىيەدىكى ئاساسلىق داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ ستېرېئولۇق گېئومېترىيە (ستېرېئومېترىيەمۇ دېيىلىدۇ)دىكى يۆنىلىش بەلگىلەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، مېڭىدىكى نورمال ياكى كېسەل توقۇلمىلارنى نىشان قىلىپ تاللايدۇ، ھەمدە كوبالت-60 ھاسىل قىلغان گامما نۇرىدىن پايدىلىنىپ، بىر قېتىمدا زور مىقداردىكى نۇرنى فوكۇسلاپ، بۆلەك خاراكتېرلىك توقۇلما ئۆلۈشى ياكى فۇنكسىيە ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇش ئارقىلىق كېسەلنى داۋالاش مەقسىتىگە يېتىدۇ، ت) ئوخشاش، ئۇ «تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيەسىسىمان» زەربە بېرىش دېگەندەك يېڭىچە جەڭ تاكتىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىقمۇ راۋۇرۇس كۆرۈنەرلىك ئىستراتېگىيەلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ئىمكانىيەت ياراتتى ... ئۆلتۈرمەيدىغان قوراللار خادىملارنىڭ ۋە ئەسلىھەلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولمايدۇ. مەزكۇر قوراللاردا ئىپادىلەنگەن يۈزلىنىش ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ رادىكال تەپەككۇرىغا ھاي بېرىپ، ئۆزلىرى ئاللىقاچان ئىگە بولغان، ئەمما بارغانسېرى ئارتۇقچە بىلىنىۋاتقان قىرغىن قىلىش كۈچىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پارىس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى بىر ئايدىن كۆپرەك بومباردىمان قىلىش جەريانىدا ئاران بىر نەچچە مىڭ ئىراق پۇقراسى ئۆلگەن بولۇپ، بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى درېسدېن (Dresden) بومباردىمانىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن خېلىلا ئاز. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**يادرو قوراللىرى يوقالغىنى يوق. ئەمەلىيەتتە، نۆۋەتتە يادرو قورالغا ئىگە بولغان ياكى ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دۆلەتلەر ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپتۇر. لېكىن، ئامېرىكاغا ئوخشاش دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە نىسبەتەن، يادرو قوراللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر قىممىتى ئۇنىڭ «ھەيۋىسى» بولۇپ قالدى. ختاي بۇ نۇقتىنى بالدۇرلا تونۇپ يەتكەن ۋە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاساسەن يادرو قوراللىرى رىقابىتىگە ئىشتىراك قىلمىغانىدى. ختاي كومپارتىيەسى تېخى يېقىنغىچە، يادرو قوراللىرىنىڭ مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە، يەنى ھەرقانداق دۆلەتنى ختايغا يادرو ھۇجۇمى قىلىشتىن ئەيمەندۈرۈشكە يەتكۈدەكلا دەرىجىدە تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلدى. ختاي يادرو قوراللىرى زاپىسىنىڭ ئاز بولۇشىغا ۋە يادرو خامچوتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولغان غايەت زور چىقىمدىن ساقلىنىپ قالدى. ختاي بېيىغاندىن كېيىن يادرو قوراللىرىنى كۆپەيتىپ، غەرب تەھلىلچىلىرىنى تەشۋىشكە سالدى ۋە گاڭگىرىتىپ قويدى. يېڭى قويۇپ بېرىش قۇدۇقلىرى ۋە يادرو ئوقبېشلىرى پەقەت ختاينىڭ «ئەيمەندۈرۈش كۈچى»نىڭ زورايتىلىشىمۇ ياكى ھۇجۇمچان يادرو قوراللىرى ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى ئىستراتېگىيە ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ ياكى بۇ ئىچى بوش قويۇپ بېرىش قۇدۇقلىرى ياكى كاۋاك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە باشقا**

دۆلەتلەرنى تېخمۇ كۆپلىگەن مىليارد دوللارلارنى خەجلەشكە قىستايدىغان نەيرەڭمۇ؟ ئىككى نەپەر پولكوۋنىكنىڭ 1998 ـ يىلىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە كۆرە، يادرو ئۇرۇشىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن دەپ قارىلاتتى. لېكىن، خىتاي رەھبەرلىرى مەزكۇر چۈشەنچىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا، خىتاي نوقۇل ھالدا ئۆزىنىڭ «ئەيمەندۈرۈش كۈچى»نى زورايتقان تەقدىردىمۇ، بىز يەنىلا قوراللىرىمىزنىڭ قىرغىن قىلىش كۈچىنى زورايتىشىمىز كېرەكمۇ؟

بۇ ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئاپپاراتلىرى ھازىرغىچە ھەل قىلالمىغان ئاچقۇچلۇق نۇقتىلاردىن بىرىدۇر. بىز 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ يادرو قوراللىرىنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق، بۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن خۇش خەۋەردۇر. ئەمما، تېخمۇ كۈچلۈك ۋە ئىلغار يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سالىدىغان دۆلەتكە نىسبەتەن، بۇ مالىيە يۈكىدۇر. باشقا دۆلەتلەرنى «ئەيمەندۈرۈش»كە يارىغۇدەك مىقداردا يادرو قوراللىرىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەرشارىنى ۋەيران قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئارتۇقچە قىرغىن قىلىش كۈچىنى قوغلىشىش بايلىقنى زايە قىلغانلىقتۇر. ئاپتورلار تىلغا ئالغان «دەرىجىدە تاشقىرى ئەجەللىك» ئەنئەنىۋى قوراللار جەھەتتىكى ئەھۋالمۇ ئەنە شۇنداقتۇر.

ھەتتا بۈگۈنكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەردىن بىرى، دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ سابىق گېنېرالى، سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جېيمىس ماتىسنىڭمۇ (James Mattis) ئارمىيەنىڭ مۇتلەق بۇزغۇنچىلىق كۈچى جەھەتتىكى تونۇشى ناتوغرا ئىدى. ماتىس دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى باشقۇرغان مەزگىلدە، قورallىق قىسىملىرىمىزنى كەلگۈسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇرۇشتا، كەلگۈسىدىكى دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ ئۈنۈمدار قىلىشقا كۈچىدى. بەشبۇرجەكلىك بىنادىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مۇشۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا كۆنگەندى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى بابتا تىلغا ئېلىنغان «ئۆلتۈرۈش زەنجىرى» قاتارلىق «ئۈنۈملۈك قىرغىن قىلىش كۈچى»گە ئالاقىدار كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى بۇنىڭغا قىسمەن سەۋەب بولغاندى. بىزنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىمىز ئارمىيەگە ئەڭ يېڭى كرېمنىي جىلغىسى تېخنىكىلىرىنى سەپلەشكە، يەنى ئارمىيەنىڭ ئەسلىدىنلا قىلىۋاتقان ئىشنى تېخمۇ ياخشى قىلدۇرۇشقا كۈچەپ، «ئارمىيەمىز دىققىتىنى ھازىرقىدىن بەكلا پەرقلىق بولغان مۇھىم نۇقتىلارغا قارىتىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟» دېگەننى ئويلاشمىدى.

مەزكۇر كۆز قاراشلارنىڭ قانداقىسىگە بۇ قەدەر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئۆزىڭىزنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ماشىنىكا رېمونتچىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سىز ئۆز ھۈنىرىڭىزگە پەۋقۇلئاددە بېرىلگەنلىكتىن، كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترونلۇق خەت بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىلىرىغا يۈزلەنگىلى ئۇنىمىدىڭىز. ھالبۇكى، سىز مىڭبىر جاپادا ئۆگەنگەن ھۈنىرىڭىزنىڭ كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغىنىڭىزدا، ئاللىقاچان ۋەيران بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ پاراسەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ماتىس ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى پەۋقۇلئاددە

**ئەقىللىق كىشىلەردۇر. بۇ يەردىكى مەسىلە، ئارمىيەگە ئىگە بولۇشتىكى («دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش»تىن ئىبارەت) تۈپكى مۇددىئانى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتۇر.**

**چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۇي «ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىدىغان دەل جايىغا زەربە بېرىش» يۈزلىنىشى ھەققىدە ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايەن قىلغانىدى. ترامپ ھۆكۈمىتى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىران گېنېرالى قاسىم سۇلايمانىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىنمۇ، كىشىنى پەۋقۇلئاددە ساراسىمىگە سالىدىغان ھەربىي توقۇنۇش كۆرۈلمىگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىڭ. بىز ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ بىرەر رەھبىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بارغانسېرى ماھىرلىشىپ كەتتۇق، بۇ نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش ـ يارىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئالا قويماي بومباردىمان قىلىشنىڭ دەل ئەكسىدۇر. بۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئامېرىكالىقنىڭ ئۆلۈمىدىن بىۋاستە جاۋابكار بولغان سۇلايمانىغا ئوخشاش كىشىلەرنى جايلىۋېتىشتىكى پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. دەرۋەقە، بۇنىڭ قوشۇمچە تالاپىتى سۈپىتىدە، ھېلىغۇ پۇقراكەن، نەچچە مىڭ ئىران ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.**

**مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرى يەنە بۈگۈن ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلانغان، كېلەچەكچى ئۇقۇملارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان:**

بۈگۈن بىز تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا تەشۋىش پەيدا قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ چارىلەرنى ئىجاد قىلىشقا يەتكۈدەك تېخنىكىلارغا ئىگە بولدۇق. مەسىلەن، لازېر نۇرى ئارقىلىق، ھاۋا بوشلۇقىدا، يارىلانغان ھاۋارىيلەر (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ت)نىڭ تەسۋىرىنى ھاسىل قىلغان تەقدىردە، ئىخلاسمەن دىنىي مۇرىتلار بولمىش ئەسكەرلەرنى زىلزىلىگە سالغىلى بولىدۇ. ھازىر بۇنداق قوراللارنى ياساش جەھەتتە تېخنىكىلىق توسالغۇ يوق. پەقەت تېخنىكا تەركىبىگە شۇنچىكى تەسەۋۋۇرنى قېتىشلا كۇپايە.

ئۈچۈر قورالى «مۇلايىملاشتۇرۇلغان قورال»نىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلىدۇر. مەيلى ماددىي تالاپەت كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغان ئېلېكتروماگنىت ئېنېرگىيەسى قوراللىرى بولسۇن، ياكى مەۋھۇم زەربە بېرىدىغان كومپيۇتېردىكى لوگىكىلىق بومبا (Logic bomb — يۇمشاق دېتال سىستېمىسىغا قەستەن قىستۇرۇلغان كود بولۇپ، مەلۇم شەرتلەر ھازىرلانغاندا يامان غەرەزلىك ئىقتىدارنى ئىشقا سالىدۇ. مەسىلەن، پروگراممېرلار شىركەتنىڭ ئۆزىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەلۇم ئەھۋالدا (مائاش سانلىق مەلۇماتلىرى ئامبىرى دېگەندەك) ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈشكە باشلايدىغان بىر بۆلەك كودنى يوشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن،— ت)، تور ۋىرۇسى، تاراتقۇ قوراللىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ـ يارىلاندۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى (ئاللىقانداق سىستېمىلارنى) پالەچلەندۈرۈش ۋە ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان. «مۇلايىملاشتۇرۇلغان قورال»دىن ئىبارەت تېخنىكىلارنىڭ بىرىكىشى دەۋرىدىلا مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولغان قوراللارنىڭ ئەڭ ئىستىقباللىق

قورال-ياراغ يۈزلىنىشىگە ئايلىنىش ئېھتىماللىقى تولىمۇ يۇقىرى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزگە بۈگۈن تەسەۋۋۇر قىلغىلى ۋە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئۇرۇش ھالەتلىرىنى ۋە ھەربىي ئىنقىلابلارنى ئەكېلىشى مۇمكىن ... شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، بىز يەنىلا تېخنىكىلىق رومانتىزمنىڭ فانتازىيەلىرىگە غەرق بولۇپ، «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش ئېلېكترونلۇق ئويۇنغا ئوخشايدىغان تىركىشىشكە ئايلىنىدۇ» دەپ قارىۋالساق بولمايدۇ. كومپيۇتېرخانىدا تاماملىنىدىغان مەۋھۇم ئۇرۇشمۇ ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. لاي پۇتلۇق دىۋە (غەرب كۈلتۈرىدە «قەغەز يولۋاس»، «تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم،— ت) ئون يۈرۈش مەۋھۇم ئۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، بۇ ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك ھەرقانداق دۈشمەننى چۆچۈتەلمەيدۇ. جەڭگاھ ھايات-مامات ماكانىدۇر، ھايات-مامات يولى قىلچىلىك گۆدەكلىككە يول قويمايدۇ. ھەتتا بىر كۈنلەردە بارلىق قوراللار تولۇق «مۇلايىملاشتۇرۇلغان» تەقدىردىمۇ، قان تۆكۈشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولغان بىر مەيدان «مۇلايىملاشتۇرۇلغان ئۇرۇش» يەنىلا ئۇرۇشتۇر. ئۇ ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىز جەريانىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ مەجبۇرىيلىق ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**پولكوۋنىكلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنى يەككە ھالەتتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق «مۇلايىملاشتۇرۇلغان» قوراللارنىڭ يوشۇرۇن كۈچى سەۋەبلىك خۇدىنى يوقاتماسلىققا ئۈندىگەن. نىشانلاش تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك ئىلغار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇلايىملاشتۇرۇلغان قوراللار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز نىشانىغا يېتىشى ياكى دۈشمەننىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي ئىنكاسىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. بۇ غەيرىي ئەنئەنىۋى ۋە چەكلىمىسىز ئۇرۇشنى قوغلىشىشنىڭ يەنە بىر ئاساسىدۇر. ئاپتورلارغا كۆرە، نىشانغا دەل جايىدا زەربە بېرەلەيدىغان، قالايمىقان ئۆلتۈرمەيدىغان-يارىلاندۇرمايدىغان مەزكۇر قوراللارنىڭ كەشپ قىلىنىشى زامانىۋى تېخنىكىلاردىن تېخىمۇ ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنى ئەنئەنىۋى جەڭگاھتىن بەكلا ھالقىغان ھالدا قايتىدىن تەبىرلەشكە ئىمكان ياراتتى. قان تۆكۈلمەيدىغان، مەخپىي بىر مەيدان ئۇرۇش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ھەربىي ئەسلىھەلەردىنمۇ بەكرەك ياردەم بېرەلەيدۇ.**

**ئېسىمدە قېلىشىچە، تۇنجى قېتىم بۇ بابنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنى چۈشىنىشتە خېلىلا قىينالغانىدىم. مەندەك ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسېرىغا سىياسەت بىلەن ھەربىي ساھەنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىم ئىكەنلىكى؛ سىياسەتچىلەرنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە، گېنېراللارنىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى؛ يا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۇرۇش جاكارلايدىغانلىقى، يا بولمىسا پرېزىدېنتنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقى تەلقىن قىلىنغانىدى. بىزگە بۇ چەك-چېگرالارنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ۋە نېگىزلىك ئىكەنلىكى ئۆگىتىلگەنىدى.**

ئەمما ھازىر بىز بۇ چېگرالارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپلا قالماي، ھەتتا سوئالنىمۇ بۇ تەرزدە سورىمايدىغان دۆشمەنگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئاپتورلارنىڭ «ئۇرۇش ئانچە قانلىق بولمىغان <مۇلايىملاشتۇرۇلغان قوراللار>دىن ئىبارەت تاللاشتىنمۇ بەك تەلتۆكۈس رەۋىشتە قان تۆكۈش بىلەن بارغانسېرى ئالاقىسىنى ئۈزمەكتە» دېگەن سۆزى توغرا. چەكلىمىسىز ئۇرۇشتا ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بىر دۆلەت ھەتتا ئۆزىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، 2020-يىلى 1-ئايدىكى (قاسىم سۇلايمانى ئۆلتۈرۈلگەن) ۋەقەدە ئارانلا بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىران يەنىلا ئۆزىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىدۇ.

گەرچە پولكوۋنىكلار سەزگۈرلۈك بىلەن «مۇلايىملاشتۇرۇلغان ئۇرۇش» قوراللىرىنى كۆرۈپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى تەخمىن قىلمىغانىدى. بىر دۆلەتنىڭ ئېلېكتر تورى ياكى بېنزىن تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى دەسلەپتە «قانسىز» بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان قالايمىقانچىلىقتا «مۇلايىملىق»تىن ئەسەرمۇ بولمايدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ئىككىلەمچى ھۆددىگەر سۈپىتىدە يالـلانغان ۋە «بىرلىكسەپ جەڭچىلىرى» دەپ ئاتالغان مىليونلىغان شەخسنىڭ «ئەڭگۈشتەر» خىزمىتىدە كۆرۈلگىنىدەك، ياڭراق ۋە بىزگە خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئېيتىپ بېرىدىغان جۈملە شۇدۇر: «غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، تىزگىنلەشتۇر».

## بەشىنچى باب: جەڭ ئېلانىنىڭ سىيماسى تۇتۇقلاشتى

مەن ئاقسارايدا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىدا ئىشلىگىنىمدە، «دۆلەتلىك زەھەرلىك چېكىملىك كونترول قىلىش سىياستى ئىشخانىسى»نىڭ مۇۋەققەت دىرېكتورىدىن فانتانىلنى ـــ كۆپىنچە خىتايدىن ئەتكەس قىلىنىدۇ ـــ مىقداردىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلغانلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان نەچچە ئون مىڭلىغان ئامېرىكالىقلار ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ: «بىز خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قانۇن بويىچە جازالاشقا تىرىشىۋاتىمىز» دېدى. مەن خىتاينىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى؛ ئەمەلىيەتتە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ (ئامېرىكاغا قارىتىلغان) زەھەر ئەتلەسچىلىكىنى. بىۋاستە ياكى. ۋاستىلىك ھالدا قوللاپ كەلگەنلىكىنى. ئېيتتىم. ئۇ سۆزۈمگە پەقەتلا ئىشىنەلمىدى ۋە خىتاي قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ يېقىندا بىر قىسىم فانتانىل ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قولغا ئالغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن مەزكۇر فانتانىل ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ناھايىتى تېزلا تۈرمىدىن چىقىپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى؛ ئۇلار زەھەرنى ئامېرىكاغىلا سېتىش بىلەن كۇپايىلەنگەن مۇددەتتە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قانداقتۇر «قانۇنسىز زەھەر سېتىش» ياكى «ئامېرىكالىقلارنىڭ نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشى»غا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭغا يەنە ئامېرىكادىكى چوڭ شىركەتلەر ئۈچۈن قانۇنلۇق دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان خىتاي دورا زاۋۇتلىرىنىڭ چوقۇم بۇ ئىشقا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇدىم، ئۇ يەنىلا ئىشەنمىدى.

مەن «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ مۇشۇ بابىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا، ئاشۇ قېتىملىق پاراڭ ئېسىمگە كەلدى. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نومۇسسىزلىقى ۋە بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ گۆدەكلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنىدى. «قائىدىسىز ئۇرۇش» دېگىنىمىز دەل مۇشۇ بولۇپ، بۇنىڭدا ھەرقانداق ئىش «چەكتىن ئاشقانلىق» دەپ قارالمايتتى. زەھەر سەۋەبلىك ئۆلۈشنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى چېرىك بىر جەمئىيەتنى تولىمۇ ياخشى تەشۋىقات نۇقتىسى بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

مەزكۇر ئۇنىۋېرسال باب بىزنى ئۇرۇش تارىخى، خىتاي تارىخى، پولكوۋنىكلارنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ ھەربىي ـ پۇقرا ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرانى قانداق تۇتۇقلاشتۇرغانلىقى ۋە ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان ئۇرۇش تۈرلىرىنىڭ تولىمۇ تەپسىلىي تىزىملىكى بىلەن تېز سۈرئەتتە تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشنى لىرىكىلىق ھالدا تەسۋىرلەپ، كەلگۈسى

**ھەققىدە ھېسسىياتسىز تۈز تەرزدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. بىز مۇشۇ بابتا كىتابتىكى ئەڭ ئىخچام ۋە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان نەقىللەردىن بىرنى ئۇچرىتىمىز:**

ئۇيلاپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا ياكى پاي چېكى بازىرىدىمۇ رەقىب دۆلەتنى خانىۋەيران قىلىدىغان ئۇرۇشنى قوزغىغىلى بولسا، ئۇنداقتا جەڭگاھ ھېسابلانمايدىغان باشقا يەر قالامدۇ؟

ئەگەر بۇيرۇققا بىنائەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان يىگىت: «مېنىڭ جەڭگاھىم قەيەردە؟» دەپ سورىغۇدەك بولسا، جاۋابىمىز: «ھەممە يەردە»دۇر. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**لېكىن، ئامېرىكا مەسىلىگە قەتئىي بۇنداق قارىمايدۇ. بىزنىڭ دىققىتىمىز ئاساسلىقى (ئەنئەنىۋى) ئۇرۇش قىلىشقا مەسئۇل ھەربىي ساھە بىلەن غايەت زور ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغىلا مەركەزلىشىپ قالدى. شۇنداقلا، بىزنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىمىز خىتاي بىلەن (ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس) تارقاق ساھەلەردە مۇئامىلە قىلىشىدۇ ۋە خىتايلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، خىتاينىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى مەسىلىگە باشقىچە قارايدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەڭچىلەردۇر. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك.**

**مەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي رەھبەرلىرىمىزگە (خىتاي قوزغىغان) مەخپىي ئۇرۇش توغرىسىدا مەلۇمات بەرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولدى: «ئاھ تەڭرىم!» ۋە «بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس».**

**خىتاي تارىخىنىڭ يىلتىزى — ھەربىي تاكتىكا ۋە دۆلەتنىڭ شان-شۆھرىتىنى يوقاتقانلىق تۇيغۇسى، غەرب تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىش ۋە قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشكە تەلپۈنۈش — بۇ كىتابنى كۈچلەندۈرگەن مۇھىم يوشۇرۇن تېمىدۇر. بۇ ئىككى پولكوۋنىك ئاساسەن ئېقىمغا ماس ھالدا سايراشقاندى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى خىتاينىڭ ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەقىدىسىدىن تەلتۆكۈس يۈز ئۆرۈگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلغان، قوللىنىشچان نۇسخىسى ۋە ئوتتۇز نەچچە يىللىق كوممۇنىستىك تەشۋىقاتلارنىڭ جەۋھىرىدۇر.**

**خىتاينى — يات ئەللەرنى ئىستېلا قىلىدىغان جاھانگىرلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كەمچىللىكىگە ئاساسەن — تارىختىن بۇيان ئۇرۇشخۇمار دۆلەت ئەمەس دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئەكسىچە، تارىخ خىتاينىڭ ھېلىھەم چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئۇرۇش كۈلتۈرىگە ۋە ھەربىي ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. خىتايلار ئۆزىنىڭ كەڭ زېمىنىدا نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان. ئەمما، نۇرغۇن قان تۆكۈلۈشلەرگە قارىماستىن، «قانسىز ئۇرۇش» ئۇقۇمى نۇرغۇن خىتايلارنىڭ كاللىسىدا — بولۇپمۇ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»دا — تەكرار زاھىرلىنىپ تۇرغانىدى. ماۋ زېدوڭنىڭ قىزىل تاشلىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇرۇش كۆڭۈلسىز ئىشتۇر، خىتاي خەلقى ئۇرۇش قىلماسلىققا مايىلدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار دۆلەت ئىچى-**

سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلارغا قارشى ھەققانىي قوغدىنىش كۆرىشىگە ھەر ۋاقىت تەيياردۇر». ئۇلار شۇ تەرزدە شىمالىي كورىيە ئۇرۇشىدا ئامېرىكاغا قارشى كۆرەش قىلغاندا، بۇنىڭ نەتىجىسى ئاپەت خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا تەخمىنەن 900 مىڭ خىتاي ئەسكىرى ئۆلگەن ياكى يارىلانغاندى. خىتاينىڭ ھەربىي ئۇتتۇق قازىنىش كەچمىشلىرى ئانچە دەبدەبىلىك بولمىغاچقا، ئۇلار بىۋاستە توقۇنۇشقا كەلگەندە خەتەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈينىڭ تەكرار ھالدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكىلارنىڭ كۆچىگە بولغان چوڭقۇر تونۇشنى نامايەن قىلغانلىقى بۇنىڭ زامانىۋى تەرىپىدۇر. سىز بۇنى مىلتىق دورىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشىغا ئوخشاتىسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، بۇ (يەنى زامانىۋى تېخنىكا) بىر خىل ئەمەس، بەلكى يۈزلەرچە خىل مىلتىق دورىسىنىڭ تەڭلا كەشپ قىلىنغىنىغا ئوخشايدۇ.

بۇ خىل يېڭى «مىلتىق دورىلىرى»نى ئاز ساندىكى بىر قانچە دۆلەتلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن «يېڭى كەلدى ئاخۇن»لارمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ ئىككى پولكوۋنىك تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن بولۇپ، «ئەلقائىدە» بىلەن ۋە ئۇسامە بىن لادىنغا ئالاھىدە قىزىققاندى.

ئۇلار بۇنى يېڭى دۇنيانىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي پەلسەپىسىنىڭ (ئەخلاق ۋە پرىنسىپنى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت ئېھتىياجنى ئاساس قىلىدىغان) نەپخور سىياسەت (realpolitik) تىپىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، ساداقەت ياكى ئەخلاقتا بولغان ھەرقانداق ئېھتىياجدىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

## «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئىككىنچى بابىدىن ئارىيە

(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)

نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە، «جەڭچى»، «قورال» ۋە «جەڭگاھ» ئىزچىل ھالدا ھەرقانداق ئۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك «قاتتىق دېتال» بولۇپ كەلدى. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغىنى ئۇرۇشنىڭ مەقسەت-مۇددىئاغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت «يۇمشاق دېتالى»دۇر. مانا بۇلار ئۇرۇشنىڭ ئۆللۈق تەركىبلىرى بولۇپ، ئەزەلدىن ھېچكىم بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ باققان ئەمەس. مەسىلە شۇكى، شۇنداق بىر كۈن كېلىپ، كىشىلەر قارىماققا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئامىللارنىڭ ئادەمنى گاڭگىراتقۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندا، «ئۇرۇش ئىلاھى»نىڭ سىيماسى يەنىلا ئېنىق بولارمۇ؟ (نەقىل ئاخىرلاشتى)

بۇ بابتا «چەكلىمىسىز ئۆرۈش»نىڭ «جەڭچىنىڭ، قورالنىڭ ۋە جەڭگاھنىڭ ئېنىقلىمىسى توپتىن ئۆزگىرىپ، تونۇغىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتتى» دېگەن ئاساسلىق ئىدىيەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىلىدۇ. ئاپتورلارنىڭ كېيىنكى پاراگرافتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ (پروسىيەلىك ھەربىي نەزەرىيەچى) كلاۋسېۋىتزدىن بۇيان، ئۇرۇشنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان مىللىي دۆلەتنىڭ قېنىغا تۇنجى قېتىم بىۋاستە كىرگۈزۈلۈشىدۇر. ئەمدى ھەربىر پۇقرا يوشۇرۇن جەڭچى ياكى نىشانغا؛ زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەربىر تەرىپى يوشۇرۇن قورالغا؛ ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ھەربىر ساھەسى يوشۇرۇن جەڭگاھقا ئايلانغاندى.

ئاپتورلار «ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ سىيماسى» دېيىش ئارقىلىق ئەپسانىلەردىكى «ئۇرۇش ئىلاھى»نى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، كۆپ ئىلاھلىق قەدىمىي كۇلتۇرلەردە، كىشىلەر ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن مۇشۇ خىل «ئىلاھ»قا تېۋىناتتى. ئاپتورلارنىڭ مەزكۇر «ئىلاھىنىڭ سىيماسى تۇتۇقلاشتى» دېگىنى «ئۇرۇش ئىلگىرى ئۆزىگە ئىسىم قويغان قورال ۋە جەڭگاھتىن ئاجرىدى» دېگەنلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، باھادىرلىق ۋە قوراللىق توقۇنۇش قانۇنلىرى دېگەنلەر ئەخمەقلەر ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىلەر ئىدى. غەربتىكى ئىستراتېگىيەچىلەر ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ تۇنجى قېتىم «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىقىدىكى قىسمەن سەۋەب دەل مۇشۇ خىل مۇجمەل ئوخشىتىشلاردۇر.

## «نېمە ئۈچۈن ۋە كىم ئۈچۈن ئۇرۇشىمىز؟»

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

نەزەر دائىرىسىنىڭ چەكلىكلىكى، پائالىيەت دائىرىسىنىڭ تارلىقى، مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنلىكى، قورال-ياراغلىرىنىڭ قىرغىن قىلىش كۈچىنىڭ پەۋقۇلئاددە يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلار سەۋەبلىك، ئەجدادلىرىمىز قوزغىغان ئۇرۇشلار نىشان جەھەتتە كۆپىنچە ھاللاردا ئاددىي كېلەتتى ... كلاۋسېۋىتز ئەنە شۇنىڭغا بىنائەن نەچچە ئەۋلاد ھەربىيلەر ۋە سىياسىيونلار تەرىپىدىن ئەقىدە يۈكسەكلىكىدە ئۇلۇغلانغان «ئۇرۇش سىياسەتنىڭ داۋامىدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى قىلغان. ئۇلار بىر-بىر دىنىي مەزھەپنىڭ ئۇستۇنلۇكى ئۈچۈن؛ ياكى ئوتى مول، سۇيى ئەلۋەك بىر يايلاق ئۈچۈن؛ ھەتتا، خۇشپۇراق ماتېرىياللار ئۈچۈن، ھاراق ئۈچۈن، پادىشاھ ۋە خانىشلارنىڭ شاللاق قىلمىشلىرى ئۈچۈنمۇ ھە دېگەندىلا ئۇرۇش قىلىشتىن يانمىغان ... بۇنىڭدىن سىرت، ئېنگلىزلار ئەپيۇن تىجارىتى ئۈچۈن چىڭ ئىمپېرىيەسىگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشمۇ بار [1839-يىلدىن 1860-يىلغىچە، دەسلەپتە

ئېنگلاند ۋە كېيىنچە فرانسىيە ئۆزلىرىنىڭ ئەپيۇن سېتىش ئىستىكىنى خىتايغا تاڭغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ھەربىي توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ خىتاي خەلقىدە يوقالمايدىغان خارلىق تۇيغۇسى قالدۇرغان، خوڭكوڭمۇ شۇ چاغدا برىتانىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن.] بۇ بەلكىم يېزىقچە خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى، دۆلەت تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان ئەڭ زور كۆلەملىك زەھەر ئەتكەسچىلىكى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن يېقىنقى دەۋردىن ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارنىڭ مۇددىئا ۋە قىلمىش جەھەتتىكى بىر خىللىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ...

ھالبۇكى، بۈگۈن كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىككى چوڭ قورغان ئارىسىدىكى تۆمۈر پەردە تۇساتتىن ۋەيران بولۇپ، مەيلى (سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە) «ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىش» غايىسى بولسۇن، ياكى (ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم لاگېرىغا تەۋە) «كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش» شوئارى بولسۇن، ئۆتمۈشتىكى بىر چاقرىق بىلەنلا ئەتراپىغا مۇرىت توپلىيالايدىغان چاقرىق كۈچىنى يوقاتتى. سەپلەر ئېنىق ئايرىلغان دەۋر ئاياغلاشتى. كىم بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ كىم بىزنىڭ دوستىمىز؟ ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلاب ئۈچۈنمۇ، ئەكسىئىنقىلاب ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېسابلانغان بۇ سوئاللار، تۇيۇقسىزلا چىگىچلىشىپ، كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. تۈنۈگۈنكى دۈشمەن بۈگۈنكى شېرىككە ئايلانماقتا. ئۆتمۈشتىكى ئىتتىپاقداشلار كېلەركى قېتىملىق ئۇرۇشتا بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلىشى مۇمكىن ... بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۆزگەرمەس دوست يوق، پەقەت ئۆزگەرمەس مەنپەئەتلا بار» دېگەن كونا گەپنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى ... زېمىن بايلىقى، دىنىي ئېتىقاد، قەبىلە ئارىسىدىكى ئاداۋەت، ئىدېئولوگىيە، بازار ئۈلۈشى، ھوقۇق تەقسىماتى، سودا ئېمبارگوسى، پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش قوزغاشقا سەۋەب بولالايدۇ. پەرقلىق مەنپەئەت تەلەپلىرى ئۇرۇشنىڭ مۇددىئاسىنى خىرەلەشتۈرۈپ، بارغانسېرى كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەس ھالغا ئەكېلىپ قويىدى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا قاتناشقان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئۆزلىرىنىڭ «ئاجىز كۇۋەيتتە ھەققانىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن» ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ ... ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە مۇددىئاسىنى ئەستايىدىل دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن «قۇملۇق بورىنى»غا قاتنىشىشنى قارار قىلغان. پۈتكۈل ئۇرۇش داۋامىدا، غەرب ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنى نېفىت جان تومۇرى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان. شۇنداقلا، ئامېرىكا مەركۇز ئاساسلىق نىشانغا يەنە «ئامېرىكانى ۋەكىل قىلغان يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىش» ئىستىكىنىمۇ قوشقاندى ... ئەنگلىيەلىكلەر سام تاغا (ئامېرىكا)نىڭ (ئارگېنتىنا بىلەن ئەنگلىيە ئارىسىدا يۈز بەرگەن) مالۋىناس ئۇرۇشىدىكى ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، باشتىن ـ ئاخىر پرىزىدېنت (چوڭ) بۇشنىڭ ھەربىر ئىشىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ كەلدى؛ فرانسۇزلار بولسا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەنئەنىۋى نوپۇزىدىن تەلتۆكۈس ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە پارس قولتۇقىغا قوشۇن تارتتى. بۇنداق

ۋەزىيەتتە قىلىنغان ئۇرۇش ئەلۋەتتە يەككە نىشانغا ئىگە بولالمايدۇ. كۆپلىگەن ئىشتىراك قىلغۇچى دۆلەتلەر شەكىللەندۇرگەن مەنپەئەت بىرىكمىسى «قۇملۇق بورىنى»دەك زامانىۋى ئۇرۇشنى «ئورتاق مەنپەئەت» نامى ئاستىدا ئوخشىمىغان مەنپەئەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مۇسابىقىسىگە ئايلاندۇردى. نەتىجىدە، ئاتالمىش ئورتاق مەنپەئەت ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنالايدىغان ئەڭ چوڭ ئومۇمىي بۆلگۈچىگە ئايلاندى. تەڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كەلدى ... مۇرەككەپ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلى، بىز پارس قولتۇقى ئۇرۇشى نېفىت ئۈچۈن، يېڭى تەرتىپ (ئورنىتىش) ئۈچۈن، ياكى (ئىراقتىن ئىبارەت) تاجاۋۇزچىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قىلىنغان دېيەلمەيمىز. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەربىيلەرلا سىياسەتچىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدىغان مۇنداق بىر پرىنسىپنى ئاڭقىرالايدۇ: زامانىۋى ئۇرۇش بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ ئاشكارا نىشانى بىلەن يوشۇرۇن نىشانى تامامەن پەرقلىقتۇر. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**پولكوۋنىكلار مەزكۇر پاراگرافتا، ئۇرۇشنىڭ مۇددىئاسىنىڭ بەكلا كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى، شۆھرەت، شان-شەرەپ ياكى زېمىنغا ئالاقىدار ئەنئەنىۋى توقۇنۇشلاردىن ھالقىپ، كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئىقتىسادىي، ئۇچۇر ۋە مەنپەئەتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىنغان كونىچە ئۇرۇش سۈپىتىدە ۋە ئازابلىق تەرزدە تىلغا ئېلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئەنگلىيە خىتاينى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسى ئىزچىل ھالدا ئەپيۇن ئۇرۇشىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق (ئۆز خەلقى ئارىسىدا) مىللەتچىلىك ۋە غەربكە قارشى نەپرەتنى كۆرۈكلەپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتاينىڭ مائارىپ سىستېمىسى ۋە تاراتقۇلىرى ئەپيۇن ئۇرۇشىنى 1849-يىلى باشلىنىپ 1949-يىلىغىچە داۋاملاشقان ۋە خىتاي كومپارتىيەسى تېخىچە ئىنتىقامىنى ئېلىۋاتقان «ئەسىرلىك خارلىق»نىڭ باشلىنىشى دەپ تەسۋىرلەيدۇ.**

**گەرچە پولكوۋنىكلار بۇ خىل كونا دۈشمەنلىكنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزىرى يەنىلا «پۇل مۇئامىلە ۋە ئىقتىساد مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىتتىپاقداشلار ۋە دۈشمەنلەرمۇ ئىزچىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. <دوستلۇق> دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ باققان تەقدىردىمۇ، ھېچبىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ ھەقىقىي <دوستى> ئەمەس. دۆلەت ئۈچۈن دوست مەۋجۇت ئەمەس، پەقەتلا مەنپەئەت مەۋجۇت» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنى ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىق شوئارلىرىغا ئالدانماسلىققا ئۈندەيدۇ.**

**ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، (بۇ جەھەتتىمۇ) ئۇلار ئەڭ ئامراق مىسال پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدۇر. ئۇلار كۇۋەيتنىڭ (ئىراق تاجاۋۇزىدىن) ئازاد بولۇشىنى «چوڭ بۇشىنىڭ ساختا، خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن مەنبەلەنگەن ئۇرۇش قوزغاش باھانىسى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. كۇۋەيتكە ئوخشاش ئاجىز، كىچىك بىر**

دۆلەتنى سادام ھۈسەين باشچىلىقىدىكى رەزىل ئىراق كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش تاراتقۇلارنى دەبدەبىلىك ھېكايە بىلەن تەمىنلەپ، ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگە ئىلھام بېغىشلىغانىدى. لېكىن، پولكوۋنىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن يېڭى دۇنيا تەرتىپىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن كېلىدىغان نېفت تەمىناتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى قوزغىغان، دەپ قارايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئۇلار ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىمۇ نېفتنىڭ تۈرتكىسىدە، شۇنداقلا ئامېرىكاغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە «غەرب ئىتتىپاقى دۇنيا سەھنىسىدە كۈچىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ئۆز خاھىشىنى ئىراققا تېڭىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز غەرىزى توغرىسىدا ئوپئوچۇق يالغان سۆزلىدى» دەپ قارايدۇ.

ئېنىقكى، بۇ بەكلا تېيىز ۋە ئىنسانىيەتتە ياخشىلىق بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان تەھلىلدۇر. شۇنداقلا، بىز بۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ كوممۇنىستىك مېڭە يۇيۇلۇشتىن مەنبەلەنگەن بىر تەرەپلىمىلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. ئامېرىكا غەربنىڭ نېفت تەمىناتىغا ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن، پرېزدېنت (چوڭ) بۇشنىڭ كۇۋەيتنىڭ (ئىراق تەرىپىدىن) تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا بولغان غەزىپىمۇ راستتەك قىلاتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەينى ھەرىكەت داۋامىدىكى مۇددىئالىرى خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن ۋە ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. شۇنداقلا، بۇ مۇددىئالار مەنپەئەت كۆزلەيدىغان شەخسىيەتچىلىك بىلەن ھېسداشلىقىقا تولغان شەخسىيەتسىزلىكنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ. لېكىن، مەنچە خىتاي مەسىلىگە بۇنداق قارىمايدۇ.

## «ئۇرۇش قەيەردە قىلىنىدۇ؟»

(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)

ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوغۇق قوراللار (تاپانچا، مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەردەك خىمىيەتلىك ئوق-دورا ئىشلەتمەيدىغان، پەقەت فىزىكىلىق ھۇجۇم ئىقتىدارىغىلا ئىگە پالتا-پىچاق، قىلىچ-نەيزە قاتارلىق قوراللارنى كۆرسىتىدۇ، -ت) دەۋرىدە، جەڭگاھ تولىمۇ كىچىك ھەم تار ئىدى. بىرەر پارچە تۈزلەڭ يەر، تاغ قاپتىلى ياكى سېپىللىق شەھەر دېگەندەك جايلاردا ئىككى قوشۇن ئۆزئارا قىرىشىدىغان ئۇرۇشلار يۈز بېرەتتى. كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان قەدىمىي جەڭگاھ، بۈگۈنكى ھەربىيلەرنىڭ نەزىرىدە پەقەت ھەربىي خەرىتىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان نۇقتىسىمان نىشان بولۇپ، مەزكۇر جەڭگاھ ھەرگىزمۇ يېقىنقى-ھازىرقى دەۋر ئۇرۇشلىرىنىڭ قايىنام-تاشقىنلىق مەنزىرىسىنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايتتى ... بۇ بىر

ھەربىينىڭ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىنىڭ قىسمىتىدۇر. ئەينى چاغدا ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ قانتى كىرۇپ زەمبىرىكىنىڭ ئېتىش مۇساپىسىنىڭ نېرىسىغا يەتمەيتتى ... يىگىرمە يىلدىن كېيىن، لۇدېندورفتىن (Ludendorff) تەلەيلىك بولغان ھىتلېر يىراق مۇساپىلىق قوراللارغا ئىگە بولدى. ئۇ مېرسىدىس ماركىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ۋە V1، V2 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئارقىلىق برىتانىيە ئاراللىرىنىڭ «ئەزەلدىن تاجاۋۇز قىلىنىپ باقمىغان»لىق رېكورتىغا خاتىمە بەردى. ئىستراتېگىيەچىمۇ، ئۇرۇش تاكتىكىچىسىمۇ بولمىغان ھىتلېر بىۋاستە سېزىمىغا ئاساسەن، ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينى سەپلىرىنىڭ پاسىللىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جەڭگاھ بىلەن غەيرىي جەڭگاھ ئارىسىدىكى سېپىلنى بۆسۈپ ئۆتتۈشىنىڭ ئىنقىلابىي ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتەلمىدى.

بۇ مەرتەم، تېخنىكا يەنە بىر قېتىم ئىدىيەنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ... زامانىۋى جەڭگاھنى ئاساسەن پايانسىز ھالەتتە كېڭەيتىۋەتتى. ئالەم بوشلۇقىدا سۈنئىي ھەمرا، دېڭىز ئاستىدا سۇ ئاستى پاراخوتى بار؛ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار يەرشارىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە يېتىپ بارالايدۇ؛ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئېلېكتروماگنېت بوشلۇقىدا ئېلېكترونلۇق تىركىشىشلەر داۋاملاشماقتا. ھەتتا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى بولغان ئىچكى دۇنياسىمۇ پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ زەربىسىدىن خالىي ئەمەس، ئاسماندا تور، يەردە قاپقان، ھېچيەرگە قاچقىلى بولمايدۇ ...

زىيادە تەسەۋۋۇرچان ۋە ئىجادچان بەزى ھەربىيلەر ئەتىكى ئۇرۇشنى ئۇشبۇ يېڭى تېخنىكىلاردىن شەكىللەنگەن بوشلۇقتا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا. جەڭگاھ، يەنى جەڭ مەيدانىدا تۆپىكى ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغان كۈنلەر ئانچە يىراق ئەمەس. يېنىمىزدىلا يۈز بەرگەن، ئەمما ھېچكىم بايقىمىغان تور ئۇرۇشى ياكى نانو ئۇرۇشى (Nano War) پات يېقىندا رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئۇرۇش پەۋقۇلئاددە شىددەتلىك بولىدۇ-يۇ، ئەمما قان تۆكۈلمەيدۇ. لېكىن، يەنىلا غالىب بىلەن مەغلۇپ ئايرىلىدۇ ... ئەنئەنىۋى بوشلۇق ۋە تېخنىكا بوشلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇرۇش بوشلۇقى ھەم ئۆزئارا جىپسىلاشقان، ھەم گىرەلىشىپ كەتكەن؛ ھەم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ھەم بىر-بىرىگە تايىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنى بىرلا ۋاقىتتا ماكرولۇق، مېزولۇق، مىكرولۇق ۋە باشقا پەرقلىق فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ساھەلەردە تەڭلا قانات يايدۇرۇپ، نەتىجىدە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بەھەيۋەت جەڭگاھ مەنزىرىسىنى روياپقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي تېخنىكا بىلەن پۇقراۋى تېخنىكىلارنىڭ، كەسپىي ھەربىيلەر بىلەن كەسپىيلەشمىگەن جەڭچىلەرنىڭ بارغانسېرى گىرەلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇش بوشلۇقى بارغانسېرى غەيرىي ئۇرۇش بوشلۇقى بىلەن جىپسىلىشىشقا باشلىدى ۋە بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پاسىلمۇ بارغانسېرى خىرەلەشتى. ئەسلىدە بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ساھەلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ھەرقانداق بوشلۇق ئىنسانىيەت تەرىپىدىن «جەڭگاھ»لىق ئەھمىيىتىگە ئىگە قىلىنىدى ... ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا ياكى پاي چېكى بازىرىدىمۇ رەقىب دۆلەتنى خانىۋەيران قىلىدىغان ئۇرۇشنى قوزغىغىلى بولسا، ئۇنداقتا جەڭگاھ ھېسابلانمايدىغان باشقا يەر قالامدۇ؟

ئەگەر بۈيرۈققا بىنائەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان يىگىت: «مېنىڭ جەڭگاھىم قەيەردە؟» دەپ سورىغۇدەك بولسا، جاۋابىمىز: «ھەممە يەردە»دۇر. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**ئۇلار مەزكۇر پاراگرافتا تەسۋىرلىگەن يېڭى جەڭگاھلار بىر دۆلەتنىڭ ئارمىيەسى، ھۆكۈمىتى ۋە خۇسۇسىي تارماقلىرى ئارىسىدىكى قويۇق ھەمكارلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. ئامېرىكانىڭ مەسىلىسى شۇكى، گەرچە (خىتايدىكى) بۇ ئۈچ ساھە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان بارغانسېرى جىپسىلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ ئۈچىنى بىر-بىرىدىن ئايرىم ساھەلەر دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن. بىزنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرىمىز، سىياسىيونلىرىمىز ۋە شىركەت خوجايىنلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ئۆسۈپ يېتىلگەن دۇنياغا قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر دۇنيادا ھۆكۈمەت نىشان بەلگىلەيدۇ، ھەربىيلەر بۇ نىشانلارنى ئىجرا قىلىدۇ، خۇسۇسىي تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رولى ھەربىيلەرگە ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. ئاپتورلارنىڭ قەيت قىلغىنىدەك، تېخنىكىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ئىستراتېگىيەچىلەرنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭقىرىش قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتتى.**

**بۈگۈنكى كۈندە جەڭگاھنىڭ بىز ئۆزىمىزنىڭ تار نەزەر دائىرىمىز سەۋەبلىك بېكىتىۋالغان چەكلىمىلەردىن باشقا چەكلىمىسى يوق. گەرچە فىزىكا ئىلمى بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ ئېتىش مۇساپىسى قاتارلىق شەكىللەردە، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋادا مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنى چەكلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن تور بوشلۇقىدا شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان چەكلىمىلەر يوق، بار بولغىنى- پەقەتلا خاككېرلارنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ تۆۋەنلىكى مەسىلىسىدۇر. ھالبۇكى، سىياسەتچىلەر ۋە شىركەت خوجايىنلىرىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلىشنى خالايدىغانلىقى چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى چەكلىگۈچى ئامىلدۇر.**

**ئامېرىكانىڭ ئالدىنقى قېتىم سىياسىي، ھەربىي ۋە خۇسۇسىي تارماقلار ئارىسىدا ھەقىقىي ئىتتىپاقلاشقان ۋاقتى بەلكىم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بولۇشى مۇمكىن، ئەينى چاغدا ئۇرۇش زايومى سېتىۋالغان ياكى «مېتال يىغىش ھەرىكىتى»گە (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا خەلقىنى مېتال يىغىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، بۇنى ئۇرۇشقا ھەسسە قوشقانلىق بولىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، يول رېشاتكىسى، ئىشلىتىلمىگەن قازان-قومۇچ قاتارلىق ئىشلىتىلمىگەن ياكى كېرەكسىز مېتاللار جۇغلانسا، ھۆكۈمەت بۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پاراخوت، ئايروپىلان ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ياسىيالايتتى. - ت) ئاۋاز قوشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۇرۇشقا ھەسسە قوشۇۋاتقاندەك ھېس قىلغان، ئايال ئىشچىلارمۇ ئۆزلىرىنى پەقەت مائاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى فاشىزمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندەك ئويلىغان. بۈنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ پۇقراۋى ۋە سودا كۇلتۇرىمىز ھەربىي كۇلتۇرىمىزدىن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئاجراپ كەتتى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئارقىلىق روياپقا چىقارغىنىدەك،**

**ئۇلارنى (يەنى ئامېرىكانىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە خۇسۇسىي ساھەلىرىدىكىلەرنى) ئوخشاش نىشان ئۈچۈن قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇش مۇمكىنمۇ، يوق؟**

## كىملەر ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ؟

**(«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى چياۋلياڭ ۋە ۋاڭ شياڭ سۈي مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:)**

جاسارەتلىك ئەسكەرلەر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دەۋر ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ھەتتا «يادرو ئۇرۇشى»مۇ ۋاقتى ئۆتكەن ھەربىي ئاتالغۇغا ئايلىنىشى مۇمكىن بولغان دۇنيادا، قېلىن كۆز ئەينەك تاقىغان، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ تەتقىقاتچىلار، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن كۈچتۈڭگۈرلەرگە قارىغاندا <زامانىۋى جەڭچى> بولۇشقا تېخىمۇ ماس كېلىشى مۇمكىن ... زامانىۋى قورال-ياراغ سىستېمىلىرى ئۇلارنى ئەنئەنىۋى جەڭگاھتىن يىراقلىشىپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان جايدىن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئارقىلىق قانلىق ئۇر-چاپتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى-دە، ھەربىيلەر قانلىق توقۇنۇشقا يېقىن يولىمايدىغان ئېسىلزادىلەرگە ئايلاندى. رەقەملەشكەن جەڭچىلەر قورقۇمسىز باھادىرلارنىڭ جەڭگاھتىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تەۋرىنىپ باقمىغان ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى.

... بۇ يۈزلىنىش ماۋ زېدوڭنىڭ «خەلقنىڭ ھەممىسى ئەسكەردۇر» دېگەن نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىشقا موھتاج ئەمەس. ھەتتا، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، پۇقرالار ئارىسىدىكى تېخنىكا سەرخىللىرىنىڭ ئۇسۇپلا كىرىشى كەسپىي ھەربىيلەرنى ۋە كەسپىيلەشكەن ئۇرۇشلارنى كىشىنى ئازدۇر-كۆپتۇر تەڭقىسلىقتا قويىدىغان خىرىسقا يۈزلىنىشكە مەجبۇر قىلدى [2021-يىلى، خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىك قاتلىمى تېخنىكا شىركەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىلياردېر خوجايىنلىرىنى (ئالى بابانىڭ خوجايىنى ما يۈنگە ئوخشاش) باستۇرغاندا، ئۇشبۇ «قوپال تېخنىكا سەرخىللىرى» پىكرى يەنە بىر قېتىم ئەسلى ئورنىغا قايتتى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋە مۇستەقىللىقى پارتىيەگە تەھدىت بولۇپ قالغانىدى] ... 1994-يىلى، بىر كومپيۇتېر خاككېرى ئەنگلىيەدە تۇرۇپ نيۇيوركقا جايلاشقان ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ھاۋا ئارمىيە تەرەققىيات مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇزدەك سىستېمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇ يەنە باشقا بىرەر يۈزدەك سىستېمىغىمۇ سوقۇنۇپ كىردى ... كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى نوقۇل ھالدا بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىلا بولماستىن، يەنە ئۇشبۇ خاككېرنىڭ ئاران 16 ياشقا كىرگەن بىر بالا ئىكەنلىكىدۇر. بالا خاككېرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغان خاككېرلىقىنى ئۇرۇش قىلمىشى دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن، مەسىلە شۇكى، كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدىكى بۇزغۇنچىلىق بىلەن ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇزغۇنچىلىقنى قانداق ئايرىش كېرەك؟ قايسى

ئىشلار پۇقرالارنىڭ شەخسىي قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ؟ كەسپىيلەشمىگەن جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەنلىك قىلمىشى، ھەتتا دۆلەت تەشكىللىك ھالدا قوزغىغان خاككېرلىق ئۇرۇشنىڭ ئېنىقلىمىسى زادى نېمە؟ ...

... شۇ ۋەجىدىن، مەيلى ئۇلار ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلسۇن، ئوخشاشلا رېئال جەمئىيەتتىكى ئويۇن قائىدىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ... ئۇلار بەتقىلىقلىق قىلىپ، باشقىلار مىڭبىر جاپادا ئېرىشكەن قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆچۈرۈۋەتسىمۇ، ئەپسانىلەردىكى تەنھا پالۋانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى تور تېخنىكىسىغا تايىنىپ رەزىل كۈچلەرگە جەڭ ئېلان قىلسىمۇ بولىدۇ. ھىندونېزىيەدىكى خىتايلارغا قارىتىلغان تەشكىللىك زىيانكەشلىك قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار سۇخارتو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنغان بولسىمۇ، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە شاھتلار تەرىپىدىن ئىنتېرنېتتا ئاشكارىلىنىۋېتىلدى ـ دە، نەتىجىدە بۇ جاھان ئەھلىنى زىلزىلىگە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسىنى ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئالدىدىكى ئەيىبكارغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنى «Milworm» دەپ ئاتىۋالغان بىر توپ خاككېرلارمۇ ئىنتېرنېتنى مالىمان قىلغانىدى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ يادرو سىنىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ھىندىستان ئاتوم تەتقىقات مەركىزىنىڭ تورىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ باش بېتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە بەش مېگابايتلىق سانلىق مەلۇماتلارنى چۈشۈرۈۋالغانىدى ...

خاككېرلاردىنمۇ بەكرەك ئەلپازى يامان ۋە رېئال دۇنيانى تېخىمۇ بەك تەھدىتكە ئۇچرىتىدىغىنى ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھامان غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋېتىدىغان دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلاردۇر. ئىسلامىي جىھادىي تەشكىلاتلار، ئامېرىكادىكى ئاق تەنلىك خەلق ئەسكەرلىرى، ياپونىيەدىكى «ئام ھەقىقەت دىنى» مۇرىتلىرىدىن تارتىپ، يېقىندا ئامېرىكانىڭ كېنىيە ۋە تانزانىيەدىكى ئەلچىخانىسىنى پارتلاتقان بىن لادېن تىپىدىكى تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەربىي خاراكتېرغا ئىگە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى بەزى رادىكال ئېتىقاد ۋە تۇرتكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك، غەلىتە، ئەسەبىيلىككە يېقىن بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى تەنھا خاككېرلىق قىلمىشلىرىدىن بەكرەك زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ يېڭى ئوچىقىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، مۇئەييەن بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنىدىغان، شۇنداقلا چەكسىز كۈچىنى چەكلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دۆلەت ۋە ئارمىيەلەر ئەزەلدىن ھەرقانداق قائىدە ـ تۈزۈملەرگە بويسۇنمايدىغان، چەكسىز ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ چەكسىز ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالايدىغان تەشكىلاتلار بىلەن تىركەشكەندە، ئۈستۈنلۈك قازىنىشى تولىمۇ تەسكە توختايدۇ.

1990 ـ يىللىرىغا كىرگەندىن كېيىن، كەسپىيلەشمىگەن جەڭچىلەر ۋە دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلار قانات يايدۇرغان بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەر بىلەن ماس قەدەمدە، يەنە بىر خىل كەسپىيلەشمىگەن جەڭچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان غەيرىي ھەربىي ئۇرۇشمۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ كىشىلەر نورمال مەنىدىكى خاككېرلارمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئاشۇ يېرىم ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس. ئۇ بىر سىستېما تەھلىلچىسى، يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى، پاي چېكى ۋاكالەتچىسى، زور مىقداردا كۆچمە كاپىتالغا ئىگە بانكىر بولۇشىمۇ، ھەتتا كۆپلىگەن تاراتقۇلارنى كونترول قىلىدىغان تاراتقۇ ماگناتى، داڭلىق مەخسۇس ستون يازغۇچىسى ۋە تېلېۋىزىيە پروگراما رىياسەتچىسى

بولۇشىمۇ مۇمكىن. قارىغۇلارچە ياۋۇزلۇق قىلىدىغان بەزى تېرورچىلارغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇلاردا قەتئىي ھايات پەلسەپىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا بولغان سادىقلىقى بىر لادېنىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ھەرۋاقىت بىر مەيدان ئۇرۇشقا ئۆزىنى ئاتىدىغان جاسارەت ۋە تۇرتكىگە ئىگىدۇر. بۇ خىل ئۆلچەم بويىچە دەڭسەپ كۆرگەندە، كىم سوروسنى پۇل مۇئامىلە تېرورچىسى ئەمەس دېيەلەيدۇ؟

... ئۇرۇش ئەمدى ھەربىيلەرگىلا تەۋە ئەمەس.

تېخنىكىلارنىڭ بىرىكىشىدىن مەيدانغا چىققان يەرشارىۋىلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ تۇغۇندىلىرىدىن بىرى يەرشارىۋى تېرورلۇق پائالىيەتلىرىدۇر. كەسپىيلەشمىگەن جەڭچىلەر ۋە دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلار ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرگە بارغانسېرى ئېغىر تەھدىت سالماقتا. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار بارلىق كەسپىي ئارمىيەلەرنىڭ ۋەزنى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان رەقىبىگە ئايلاندى. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، كەسپىي ئارمىيەلەر جۇغى غايەت زور بولسىمۇ، يېڭى دەۋرگە ماسلىشالمىغان دىنوزاۋرلارغا ئوخشاپ قالدى. بۇ كىشىلەر بولسا ھاياتىي كۈچى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولغان غاجىغۇچىلار تىپىغا تەۋە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەڭدىن تولىسىنى غاجىۋېتەلەيدۇ. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# قەشقەر خانلىقىنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

# قەشقەر خانلىقىنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

سەرخات دوغان

<u>رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياستى</u>

**18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە، تۈركىستان خانلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشلىرى ۋە يەرلىك ھوقۇقدارلارنىڭ ئىسيانلىرى بۇ رايوندىكى ئاسايىشلىقنى ۋەيران قىلدى.(21) گەرچە بۇخارا خانلىقىنىڭ ئەھۋالى رايوندىكى خانلىقلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭمۇ باشقا خانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. 1840 ـ يىلى بۇخارا ئەمىرى قوقەند ئەمىرى مۇھەممەد ئەلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قوقەند رايونىدىكى نوپۇزىنى ئاشۇردى. 1846 ـ يىلى قوقەند خانى بولغان خۇدايارخان قوقەند رايونىدا قىسقا مۇددەت بولسىمۇ تىنچلىق ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. قوقەند بىلەن بۇخارا خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ۋە دۈشمەنلىكلەر تاكى رۇسلار تاشكەنتنى بېسىۋالغانغا قەدەر قانلىق رەۋىشتە داۋام قىلدى.**

**تۈركىستاننىڭ ئىچكى سىياستى بۇ تەرزدە داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغاندا، رۇسىيە ھەربىي تەييارلىقنى تېزلىتىپ، قازاق زېمىنلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزگەندىن كېيىنلا تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلاندى. لېكىن، بۇ رايونغا سىستېمىلىق تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى پۇختا جايلىشىۋېلىش كېرەك دەپ قارىغان چاررۇسىيە 1845 ـ يىلى ئىرغاز ۋە تۇرگاي دەريالىرى بويىدا قەلئە ۋە قاراۋۇلخانا سېلىشقا باشلىدى. 1847 ـ يىلىغا كەلگەندە، كوپال ئىستېھكامى ۋە كازاچىك پونكىتى قۇرۇلدى. 1848 ـ يىلى بولسا قاراپۇتاق ۋە كوس ـ ئارال پورتلىرى قۇرۇلدى.(22) 1852 ـ يىلى رۇسىيە (توختاۋسىز زېمىن ئىشغال قىلىش نەتىجىسىدە) قوقەند خانلىقى بىلەن بىۋاسىتە چېگرالىنىدىغان بولدى. ئۇلار يەنە رايوندا ئېلىپ بېرىلىدىغان يۈرۈشلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەسى سۈپىتىدە رايىم قەلئەسىنى ياسىدى.(23)**

**چاررۇسىيەنىڭ تۈركىستان رايونىدا ئىلگىرىلىشىدە ئىككى چوڭ سەۋەب بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، مەزكۇر رايوننىڭ چاررۇسىيەنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان سانائىتىنى بازار ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان يېگى رايون ئىكەنلىكى؛ يەنە بىرى ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايوندىكى نوپۇزىنى سۇندۇرۇپ، يېگانە كۈچكە ئايلىنىش ئارزۇسى ئىدى. رۇسىيەنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا يۈرۈش قىلىشى چارپادىشاھ 1 ـ پېترو تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنسىمۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. رۇسىيەنىڭ**

**ئەڭ سەرخىل زىيالىيلىرى خېلى بۇرۇنلا تۈركىستان رايونىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار يېڭى رايونلارنى بايقاپ، شۇلارنىڭ خەرىتىسىنى ۋە ئاسىيادىكى يېڭى يوللارنى سىزاتتى.(24)**

**شۇ ۋەجىدىن، تۈركىستانغا يۇرۇش قىلىشقا باشلىغان رۇسلار 1860 ـ يىلى بېشكەكنى، 1864 ـ يىلى چىمكەنتنى ئىشغال قىلدى. رۇسىيەنىڭ مەزكۇر رايوندىكى بۇ ئىشغالىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئېتىرازىغا ئۇچرىدى. رۇسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئالېكساندىر گورچاكوف كۆچەيگەن بۇ ئېتىرازلارغا قارىتا، 1864 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سۆزىدە شۇنداق دېگەن(25):**

رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئىجتىمائىي تەشكىللىنىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان يېرىم كۆچمەن خەلقلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان بارلىق مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋالدا، مەدەنىي دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. چېگرا بويلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىمىزنى چېكىندۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. يا چېكىنىشىمىز، يا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك ئىدى. چېكىنىش رۇسىيە ئۈچۈن مەغلۇبىيەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىلەشنى قارار قىلدۇق.

**چاررۇسىيە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئىشغالىيەتلىرىنى يوللۇقلاشتۇرىدىغان سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىبىرىيە ۋە ئورېنبۇرگدىن باشلىغان تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى. بۇ ئەسنادا، قوقەند خانلىقىدا تەخت ماجىراسى داۋاملىشىۋاتقانىدى. قوقەند خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا كىرگۈزگەن ئالىمقۇل (26)[1] 1863 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى موللا خاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخاننى قوقەند تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى «ئەمىرۇل ئۇلىما» ۋە «ئەمىرۇل لەشكەر» ئاتاقلىرىنى قوللاندى. ئالىمقۇل خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە خانلىقنى رۇس ھۇجۇملىرىدىن قوغداش ئۈچۈن، بىر قاتار ھەربىي ۋە مالىيىۋى تەدبىرلەرنى قوللاندى. قوقەندتە يېڭى قوشۇن تەسىس قىلىندى. تاشكەنتتە ئۆزىگە رەقىب بولالايدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ، مەركەزدىن چەتلەشتۈردى. يېڭى زەمبىرەك قۇيدۇرۇش ئارقىلىق مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى ۋە خەلققە يېڭىدىن باج ـ سېلىق سالدى (27).**

[1] ئالىمقۇل ــ قىرغىز، قوقەند خانلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي، سىياسەتچى ۋە دىپلومات. ئۇ رۇسىيەنىڭ تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى جەريانىدا داڭ چىقارغان. ئۇ موللا خاننىڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا كۈچ چىقارغان ۋە بۇ سەۋەبلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۈكسىلىپ، مەرغىلاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1862 ـ يىلى موللا خاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغان تەخت كۈرىشىدە قىرغىز ۋە قىپچاق بەگلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن خۇدايارخاننى ئاغدۇرغان.

رۇس ئەسكەرلىرى بېشكەك ۋە يېڭى قورغاننى ئىشغال قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. رۇس قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال چېرنايېف 1865 ـ يىلى تاشكەنتنى قورشىۋالدى. ئالىمقۇل قورشاۋ جەريانىدا يارىلىنىپ ئۆلدى. تاشكەنت شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە مەزكۇر رايونغا يېيىلغان رۇس قوشۇنلىرى ئۈچۈن مۇھىم بىر بازىغا ئايلاندى. رۇسلار پەقەت پەرغانە ۋادىسىلا قوقەند خانلىقىغا تەۋە بولۇش شەرتى ئاستىدا ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. رۇسىيە قوقەند خانلىقى ۋە باشقا خانلىقلار بىلەنمۇ سودا كېلىشىملىرى ئىمزالىشىش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىشنىڭ كويىدا ئىدى. 1868 ـ يىلى، بۇخارا خانلىقىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەند شەھىرىنىڭمۇ رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى نەتىجىسىدە، رۇسىيەنىڭ بۇخارا ۋە قوقەند خانلىقىدىكى نوپۇزى بارغانسېرى كۈچەيتتى.

بۇ مەزگىلدە، كاۋكاز قوشۇنلىرى خىۋە خانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىن خىۋە خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى قورشىۋالغان رۇسلارغا تاقابىل تۇرالمىغان مۇھەممەدرەھىم باھادىرخان بېقىندىلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا ماقۇل بولدى(28). رۇس قوشۇنلىرى خىۋەدە ئۆزلىرىگە قارشى چىققان تۈركمەنلەرنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلدى. بۇ ۋەقەگە شاھىت بولغان ۋە كېلىشىم جەريانىدا رۇس قوشۇنىنىڭ ئىچىدە بولغان ئەنگلىيە مۇخبىرى ماك گاھان (Mac Gahan) رۇسلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىنى بايان قىلغان.(29)

رۇسىيەنىڭ قىزىقىشى نوقۇل ھالدا تۈركىستاننىڭ غەربى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. شەرقىي تۈركىستانمۇ ئۇلار ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىم ئىدى. لېكىن، ئۇلار غەربىي تۈركىستاندا ئەنگلىيە بىلەن قانداق روبىرو بولغان بولسا، تۈركىستاننىڭ شەرقىدىمۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانىدى.

## رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يۈزلىنىشى

رۇسلار تۈركىستاننىڭ غەربىي رايونلىرىدا ئىشغال يۈرۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ ئورېنبۇرگ ۋە سىبىرىيە لىنىيەسىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى قوقەند قوشۇنلىرىنىڭ رۇس چېگرالىرىغا بولغان ھۇجۇملىرىنى ئەدىتىۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، قەشقەردە باش كۆتۈرگەن يېڭى بىر كۈچ ئىلى ۋادىسىدا ئىلگىرىلەشكە باشلىغانىدى. تۈركىستاننىڭ شەرقىدە خوجىلارنىڭ نوپۇزىنى سۇندۇرۇپ، تۇڭگانلارنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرگەن ۋە ئىلى ۋادىسىدا رۇس قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان، (نامىدا بۈزرۈكخاننىڭ سەركەردىسى بولغان) ياقۇپبەگ رۇسلارنىڭ دىققىتىنى بۇ رايونغا ئاغدۇرۇشقا سەۋەب بولدى. رۇسلار ۋەزىيەتنى ئاڭقىرىغان ۋاقىتتا، ئىلى ۋادىسىدىكى قەلئەلەر ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولغانىدى. لېكىن، رۇسلارنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كىرىپ، بۇ ۋادىدىكى ئەڭ مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولغان غۇلجا شەھىرىنى بېسىۋېلىشى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

غۇلجىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن ياقۇپبەگ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. (30) ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى رۇسلارنىڭ بۇ رايونغا كۆز تىكىشىگە سەۋەب بولدى.

ياقۇپبەگ قەشقەردە ئۆز خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، رۇسلار قەشقەر خانلىقى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈچۈن ئۆز تىجارەتچىلىرىنى ئىزچىل ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ تۇراتتى. لېكىن، ياقۇپبەگ رۇس تىجارەتچىلەرگە ئىشەنمەيتتى ۋە ئۇلارنى رۇس ئارمىيەسىگە ۋاكالىتەن ئۇچۇر توپلىغىلى كەلگەن جاسۇسلار، دەپ قارايتتى.(31) دەرۋەقە، ياقۇپبەگنىڭ بۇ گۇمانى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ياقۇپبەگ قوقەند ئەمىرى ئالىمقۇلنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان چاغلىرىدا رۇسلارنى يېقىندىن تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى. لېكىن، ئۇ رۇسلار بىلەن دۈشمەنلىشىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى.

رۇسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ئۇچۇر توپلاش پائالىيەتلىرى ياقۇپبەگدىن ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. بولۇپمۇ سىبىرىيە باش ۋالىيسى (گوبېرناتورى) گاسفورت ۋە ئۇنىڭ قازاق ئاديۇتانتى چوقان ۋەلىخانوف بۇ رايوننى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ چىققانىدى. گاسفورت تەرىپىدىن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ۋەلىخانوف 1858~1859-يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ ماركو پولو بىلەن گوزدىن كېيىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تۇنجى تەتقىقاتچى بولۇپ قالغانىدى. (32) ۋەلىخانوف بۇ رايوندا ھەم سىياسىي، ھەم كۈلتۈرەل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، رۇس تىجارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نېرىسىغا ئاسانلا كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.(33) ۋەلىخانوفتىن كېيىن تىجارەتچى سىياقىدا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلاردىن بىرى خلىيۇدوف ئىسىملىك رۇس تىجارەتچىدۇر. ئۇ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، قەشقەردە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت ئالغان. ياقۇپبەگ جىيەنى شادى مىرزىبەگنى ئۇنىڭغا قوشۇپ، تۈركىستان باش ۋالىيسى كونستانتىن كائۇفماننىڭ (34) يېنىغا ئەۋەتكەن.[2] ياقۇپبەگ كائۇفمانغا يوللىغان مەكتۇپىدا: «ئۇزۇن يىللار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدە قالغان زېمىنلىرىمىز خانىۋەيران بولغان. چىڭ سۇلالىسى بۇ يەردىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى خاراب قىلىۋەتكەن. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن چوڭ ھەم بايدۇر. شۇ ۋەجىدىن، تىجارەتچىلىرىڭلار دۆلىتىمىزدىن (ئۆزىگە ئەسقاتقۇدەك) بىر نەرسە تاپالمايدۇ، بۇ يەردە ئېلىپ-ساتقۇدەك بىر نەرسە يوق» دەپ، رۇس تىجارەتچىلىرىنى ئۆز دۆلىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت-مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرگەنىدى. (35)

---

[2] كونستانتىن پېتروۋىچ كائۇفمان 1818، 1818~1882-يىلى تۇغۇلغان كائۇفمان چاررۇسىيەدە ناھايىتى يۇقىرى ماقامغا ئېرىشكەن. كاۋكازدىن سىبىرىيەگىچە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بارلىق رايونلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن كائۇفمان 1867-يىلى تۈركىستاننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستان ۋە ياقۇپبەگ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەمدە سودا كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنغان. ھالبۇكى، چىڭ سۇلالىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ رايوننىڭ چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولۇشىنى ھەممىدىن بەك قوللىغان ئادەممۇ دەل مۇشۇ كائۇفمان ئىدى.

تۈركستان ۋالىيسى كائۇفمان ياقۇپبەگنىڭ بۇ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەشقەر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەقسىتىدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆمەك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قايتىپ كەتتى. رۇسلارنىڭ بۇ رايوندىكى تۇتۇمىدىن بىئارام بولغان ياقۇپبەگ ئەنگلىيە ۋە رۇس ئەلچىلىرى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. ۋالىي كائۇفمان ياقۇپبەگ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىغا قوشۇن تارتتى. بۇ ئىشتىن تەشۋىشكە چۈشكەن قەشقەر ھۆكۈمىتى شاۋنىڭ باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەردە قوبۇل قىلىپ، رۇسلارغا قارشى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى. بۇنىڭغا قارىتا، كائۇفمان ياقۇپبەگكە مەكتۇپ يېزىپ، قوقەند ۋە بۇخارا خانلىقلىرىنىڭ رۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىنى، قەشقەر ھاكىمىيتىنىڭمۇ رۇسلارنى توسۇشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.(36) قەشقەر ھۆكۈمىتىگە بولغان تۇتۇمىنى قاتتىقلاشتۇرغان رۇسلار ئىلى دەرياسى بويىغا يېڭى قەلئەلەرنى ياساپ، بۇ جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. شۇ تەرىقىدە، رۇسلار ھەم نوپۇزىنى كۈچەيتىۋالدى، ھەم ھەربىي كۈچىنى قەشقەر ھاكىمىيتىنى چۆچۈتىدىغان قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئۆرۈندى.

## قەشقەر ھۆكۈمىتى بىلەن رۇس ھۆكۈمىتى ئارىسىدا ئىمزالانغان تۇنجى سودا كېلىشىمى

1872-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى تاشكەنتتىن يولغا چىققان ئەلچىلەر ئۆمىكى ماددىلىرى گېنېرال كائۇفمان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر كېلىشىمنى قەشقەرگە ئەكەلدى. ياقۇپبەگ 1872-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى، بارون كاۋلبارس باشچىلىقىدىكى، ئىچىدە ئىنژېنېر، فوتوگراف ۋە تىجارەتچىلەر بار رۇس ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. رۇسلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ۋە رۇس كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلغان قەشقەر ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەلىكلەردىن ئىجابىي جاۋاب ئالالمىغاچقا، (كائۇفمان تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان) بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى.(37) گېنېرال كائۇفمان ۋە ئۇ «يەتتە شەھەر بېگى» دەپ ئاتىغان ياقۇپبەگ ئارىسىدا ئىمزالانغان «ئەركىن سودا شەرتلىرى» ماۋزۇلۇق، بەش ماددىلىق كېلىشىمنىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

بىرىنچى ماددا: قايسى دىنغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق رۇس پۇقرالىرى يەتتە شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق شەھەر-بازارلارغا كىرەلەيدۇ. يەتتە شەھەر خەلقىمۇ رۇس ئىمپېرىيەسى چېگراسى ئىچىدە خالىغان جايغا ساياھەت قىلالايدۇ. يەتتە شەھەرنىڭ ھامىيسى ئۆز زېمىنلىرىدىكى رۇس پۇقرالىرىنىڭ جان ۋە مال بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى ماددا: رۇس تىجارەتچىلەر پەقەت ئۆزىلا ئىشلىتىش شەرتى بىلەن ماللىرىنى ساقلايدىغان كارۋان سارايلاردىن پايدىلىنالايدۇ.

ئۈچىنچى ماددا: رۇس تىجارەتچىلىرى يەتتە شەھەردە ئۆزلىرى خالىغان جايدا تىجارەت ۋاكالەتخانىلىرىنى ئاچالايدۇ. يەتتە شەھەر خەلقىمۇ رۇس زېمىنلىرىدا شۇنداق قىلىشقا هوقۇقلۇق. بۇ ۋاكالەتخانىلارنىڭ مۇددىئاسى ئەكېلىنگەن ماللارنىڭ تاموژنا ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە سودا دەۋالىرىدا تىجارەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىشتۇر.

تۆتىنچى ماددا: رۇسىيەدىن يەتتە شەھەرگە ۋە يەتتە شەھەردىن رۇسىيەگە قىلىنغان تىجارەتلەر ئۈچۈن، سېتىلماقچى بولغان مالنىڭ قىممىتىنىڭ 2.5 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغان باج ئېلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ باج يەتتە شەھەرلىك مۇسۇلمان پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان باجدىن كۆپ بولمايدۇ.

بەشىنچى ماددا: رۇس سودىگەرلىرى يەتتە شەھەر زېمىنلىرىغا كىرىپ ـ چىقىش جەريانىدا، خالىغانچە سەپەر قىلالايدۇ، بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. يەتتە شەھەر خەلقىمۇ رۇس زېمىنلىرىدا شۇنداق هوقۇققا ئىگە.(38)

رۇسىيە ۋە قەشقەر ھۆكۈمىتى ئارىسىدا ئىمزالانغان بۇ كېلىشىم رەسمىي تىجارەت كېلىشىمى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيەنىڭ قەشقەر ھۆكۈمىتىنى ۋە ياقۇپبەگنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە مەزكۇر كېلىشىم قەشقەر ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنىي ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشىمدىكى ماددىلارنى رۇسىيە بىكىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. مەزكۇر كېلىشىمگە ئاساسەن، رۇس تىجارەتچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا سودا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەرلەردىكى شەرقىي تۈركىستان سودىگەرلىرى رۇسىيەدە تىجارەت قىلالمايۋاتاتتى. ھەتتا، رۇسلار ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «كېلىشىم شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىغانىدى.

ياقۇپبەگ مەزكۇر كېلىشىمنى ئىمزالاشقاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ۋە رۇسلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشتى. ئۇ 1874 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالاشقان، رۇسلار بىلەن تۈزۈشكەن (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) سودا كېلىشىمدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ماددىلار بىلەن ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان سودا كېلىشىمى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالاشقان كېلىشىمگە بىنائەن، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرىدىن زور مىقداردا قورال ـ ياراغ ياردىمىگە ئېرىشكەن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنىنى رۇسلارغا قارشى كۈچەيتىشكە تىرىشماقتا ئىدى.(39) قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ تەرزدە ئەنگلىيەگە يېقىنلىششى رۇس دائىرىلىرىنى بىئارام قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە ئەلچىخانا تەسىس قىلىشى رۇسلارنى قاتتىق بىئارام قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە كەلگەن رۇس تىجارەتچىلىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى خېلىلا يىرىكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

(40) ھالبۇكى، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىگە تىجارەت قىلغىلى كەلگەن رۇس تىجارەتچىلىرىگە بۇ رەۋىشتە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى نورمال ئەھۋال ئىدى. چۈنكى، رۇس تىجارەتچىلىرى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان جايلىرىدا يەرلىك خەلق ئارىسىدا تەپرىقە پەيدا قىلاتتى، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇناتتى. قەشقەرگە تىجارەت قىلغىلى كەلگەن (رۇس) تىجارەتچىلەر ھەم ياقۇپبەگنىڭ ئوردىسىنى، ھەم مۇھىم ئەربابلارنىڭ تۇرمۇشىنى تىڭ ـ تىڭلاپ، دوكلات تەييارلايتتى ۋە بۇلارنى رۇس ھۆكۈمدارلىرىغا يەتكۈزەتتى. ياقۇپبەگ رۇس تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن، كەلگەن تىجارەتچىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى.

تۈركىستان باش ۋالىيسى ئۆزىگە يوللانغان مەكتۇپلارغا بىنائەن، «بۇ رايوندا كۈچلىنىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى رۇسىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن يەكۈنگە كېلىپ، بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشقا تەرەددۇتلاندى. قەشقەرگە قىلىنغۇسى ھەربىي ھەرىكەت ئۈچۈن تەييارلىقنى باشلىغان كائۇفمان، چېگرا بويىدا تەشكىللەنگەن يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا شوۋېلوفنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى.(41) لېكىن، قوقەند ئىسيانى سەۋەبلىك بۇ ھەرىكەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ياقۇپبەگ رۇسلارنىڭ بۇ ئىشغال خىرىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 1876 ـ يىلى قەشقەر خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان زەربىنى يەنىلا رۇسلار پىلانلىغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننى چىڭ سۇلالىسىگە تۇتۇپ بەرگەنىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى رۇس ھۆكۈمىتى ئۈچۈن دائىمىي تەھدىت ئىدى. گەرچە رۇسلار شەرقىي تۈركىستاننى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايوندا ياقۇپبەگكە ئوخشاش كۈچلۈك ھۆكۈمدارنىڭ تىزگىنىدىكى بىر دۆلەت رۇسىيە دائىرىلىرىنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. شەرقىي تۈركىستانغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىش سەۋەبلىك ئەنگلىيە بىلەن روبىرو بولۇشنى خالىمىغان رۇس ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشى خۇسۇسىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە داڭ چىقىرىشقا مۇۋۋەپپەق بولغان ئۇتۇقلۇق سانغۇنى زو زوڭتاڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن رۇسلار (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن) زۆرۈر بولغان ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئۇرۇش لازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ 1876 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنۇشىغا سەۋەب بولدى.(42) ئەنگلىيەمۇ، رۇسىيەمۇ بۇ رايوندا ئۆزلىرى تىزگىنلىيەلمەيدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمىغاچقا، ئۆزلىرى كونترول قىلالايدىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشىغا كۆز يۇمغانىدى.

«ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.



# قانداق قىلغاندا چەتئەل تىلىنى تېز ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

توم كوكس

# قانداق قىلغاندا چەتئەل تىلنى تېز ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

تومم كوكس

نۇرغۇنلىرىمىز ئىككىنچى تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشنى، ياكى راۋۇرۇس تىرىشالىغان تەقدىردە، ئۈچىنچى تىلنىمۇ ئۆگىنەلەشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەمما ئۈچ خىلدىن ئارتۇق چەتئەل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغانلار شۇ قەدەر ئاز ئۇچرايدۇكى، بۇ قارىماققا يەتكىلى بولمايدىغاندەك نىشاندەك كۆرۈنىدۇ.

ھالبۇكى، ئارىمىزدا «كۆپ تىللىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بەش، ئالتە، يەتتە، ھەتتا سەككىز خىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغان بولۇشنىڭ تامامەن مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ھەتتا سىز ئويلىغاندىن ئاسان ئىكەنلىكىنىڭ ماھالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان «تىرىك» پاكىتلىرىدۇر.

ئۇنداقتا، سىزمۇ يېڭى تىل ئۆگىنىش ئارقىلىق نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىشنى خالامسىز؟ بىر ئىشنى قانداق قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ شۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا روياپقا چىقارغان كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراشتىن ياخشىراق چارىسى يوق.

تۆۋەندە بىز «يېڭى تىلنى ئۆگىنىش»تىن ئىبارەت بۇ ئىشنى بىر-ئىككى قېتىم ئەمەس، بەلكى سەككىز قېتىم روياپقا چىقارغان، يەنى فرانسۇزچە، ئىسپانچە، پورتۇگالچە، ياپونچە، تايلاندچە، ئەرەبچە، كانتونچە ۋە ئىتاليانچىدىن ئىبارەت سەككىز خىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغان ئولىي رىچاردىسنىڭ (Olly Richards) تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى رېئال تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن، تىلنى تېز ئۆگىنىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1. قىسقا، ئاددىي دىيالوگلاردىن باشلاڭ

رىچاردىسنىڭ قارىشىچە، ئىشنى ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاشتىن باشلىغاندا، بىر تىلدا پاراڭلىشالىغۇدەك بولۇشقا پەقەت توقسان كۈنلا ـــ رىچاردىس ئۆزى شۇنچىلىك ۋاقىتتا ئىتاليانچە سۆزلىشەلەيدىغان بولغان ـــ ۋاقىت كېتىدىكەن. ئەمما سىز بىر تىلغا پەۋقۇلئاددە ناتونۇش بولسىڭىز، ھەتتا ئاساسەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىسىڭىز، بۇ نۇقتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرالايسىز؟ بۇ ھەقتە، رىچاردىس: «ئەڭ دەسلەپتە، سىز پەۋقۇلئاددە ئاددىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك» دەيدۇ.

تۆنجى ھەپتىسىدە، يېڭى تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئوقۇشلۇقىدىكى قىسقا دىيالوگلارنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسىڭىزمۇ، يەنىلا بىر تىلنىڭ ئەللىك پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان (يەنى پەۋقۇلئاددە كۆپ قوللىنىلىدىغان) 100 ياكى 200 سۆز بىلەن تونۇشۇپ چىقالايسىز.

**2. «چۈشىنىپ قوبۇللاش»قا ئەھمىيەت بېرىڭ**

ئەگەر سىز بىر تىلنى تېز ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، «چۈشىنىپ قوبۇللاش» ئۇقۇمىنى، ياكى «ئۆز سەۋىيەڭىزدىكى ياكى شۇنىڭدىن ئازراقلا يۇقىرى سەۋىيەدىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇشىڭىز ياكى ئاڭلىشىڭىز كېرەك» دېگەن چۈشەنچىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.

شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر سىز ئىسپانچە ئۆگىنىشنى يېڭى باشلىغان بولسىڭىز، ئىسپان تىلىدىكى ۋىدىيولارنى باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈپ چىقىش سىز ئۈچۈن بەكلا بالدۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، تىل ئۆگىنىشنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئۆز سەۋىيەڭىزدىن شۇنچىكى يۇقىرى سەۋىيەدىكى ماتېرىياللارنى تاللىغىنىڭىز ئەۋزەل.

شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىڭىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولىسىز ھەمدە غەيرىي توقۇلما ئەسەرلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى ئوقۇشنى باشلىيالايسىز.

سىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق «چۈشىنىپ قوبۇللاش» ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيسىز. ئۆزىڭىزنىڭ قايسى سۆزلەرنى بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۈرئەتتە ئۆگىنەلەيسىز. بۇ جەھەتتە ھېكايە ئوقۇش ئالاھىدە ئۈنۈملۈك. چۈنكى، ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئومۇمەن باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ سىزنى ئۆزىڭىز ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ھېكايە گرامماتىكا ئۆگەنگەن چاغدىكىدەك سول مېڭىڭىزنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مېڭىڭىزنى ئۆگىنىش جەريانىغا قاتناشتۇرۇپ، سىزنى ئۆزگىچە تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

ھېكايە ئوقۇش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش تېخىمۇ تەبىئىي بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىش جەريانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاڭ. ئەگەر ماتېرىياللار سىزنى قىزىقتۇرالىسا، ئۆگىنىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

**3. سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق ئۆگىنىڭ**

سىز تىل ئۆگەنگەنسېرى سۆزلۈكىڭىزنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ كۆپ گراماتىكىلىق قائىدىلەرنى ئۆگىنەلەيسىز. لېكىن، دەسلەپتە سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگەنمىسىڭىز، كېيىن بۇ مەسىلىنى ئوڭشىشىڭىز بەسي مۈشكۈل.

ئەنە شۇ ۋەجىدىن، رىچاردىس «يېڭى تىل ئۆگەنگەندە چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىشتۇر. دەسلەپتە ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش كېيىن خاتا تەلەپپۇزنى تۈزەشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان» دەپ قارايدۇ.

بۇ ھەقــتە، گېيبرىيېل ۋاينېر (Gabriel Wyner) ئۆزىنــىڭ «ھەرۋاقــىت راۋان سۆزلەش» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:

مەن تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۈچ ھالقىلىق نۇقتىنى بايقىدىم:

1. دەسلەپتە سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىش

2. تەرجىمە قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق

3. قەرەللىك ھالدا تەكرارلاش

ئۇنداقتا، تەلەپپۇزنى قانداق مەشىق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل شۇ تىل ئانا تىلى بولغان كىشىلەردىن ئۆگىنىشتۇر. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇلارنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىيالايسىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاھاڭىنى تاكى ئۆز ئاھاڭىڭىز ئۆزىڭىزگە تەبىئىي تۇيۇلغانغا قەدەر تەكرار-تەكرار دورىيالايسىز.

**4. مىقدارغا ئەمەس، سۈپەتكە كۆڭۈل بۆلۈڭ**

گەرچە كىتاب ئوقۇش تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ھەممىلا ماتېرىيالنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش ئەمەس. رىچاردىس يات تىلدا ماتېرىيال ئوقۇش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بەزى سىرلارنى بىزگە ئېيتىپ بەردى.

بىر بابنى باشتىن-ئاياغ ئوقۇپ چىقىڭ ۋە ئىمكانقەدەر كۆپرەك چۈشىنىشكە تىرىشىڭ.

ئاندىن شۇ بابنى قايتا ئوقۇڭ.

ئەمدى شۇ بابتا تەكرار ئۇچرىغان خام سۆزلەرنى لۇغەتتىن ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

كېيىنكى بابنى ئوقۇڭ.

ئاندىن ئىككىنچى قېتىم ئوقۇڭ ۋە ھەر بابنى مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇغان ماتېرىياللىرىڭىزنىڭ دائىرىسىنى تارايتىشىڭىزمۇ ئىنتايىن پايدىسى بار. مۇۋاپىق، بولۇپمۇ ئۆز قىزىقىشىڭىزغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. ئولىي رىچاردىس شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز باغۋەنچىلىكنى راستلا ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىز ئۆگەنمەكچى بولغان تىلدىكى باغۋەنچىلىككە ئالاقىدار كىتابلارنى تاللاڭ.»

بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىڭىز خالايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ۋە بۇ جەرياندا ئوقۇغانلىرىڭىزنى چۈشىنىشكە نىسبەتەن ئىچكى تۈرتكىڭىزنىڭ داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

كىشىلەر ئادىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بەزى تەشەببۇسلارغا ئوخشىمايدىغىنى، رىچاردىس خارىي پوتېر تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق تىل ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشتا ئىشلىتىلمەيدىغان غەلىتە سۆزلۈكلەر بىلەن تولغان.

**5. ئىمكانقەدەر بالدۇرراق سۆزلەشكە باشلاڭ**

گەرچە بىز دىققىتىمىزنى «قوبۇللاش»قا ئالاقىدار نۇرغۇن تاكتىكىلارغا مەركەزلەشتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن سۆزلەشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. رىچاردىسنىڭ توقسان كۈن ئىچىدىلا ئىتاليانچە سۆزلەشنى ئۆگىنەلىشىدىكى سىرلاردىن بىرى شۇكى، ئۇ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايدا پەقەت ئىتاليانچىلا گەپ قىلغان.

ئەگەر سىز بىر تىلنى تېز ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، رىچاردىس ئىككىنچى ئايدىن باشلاپلا شۇ تىلدا سۆزلىشىشىڭىزنى ۋە كۈندىلىك دىيالوگلارنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئادەتتە مەن تەۋسىيە قىلىدىغان مۇددەتتىن سەل بالدۇر، لېكىن بىزنىڭ مەقسىتىمىز شۇ تىلنى تېز ئۆگىنىش بولغانىكەن، چوقۇم بالدۇرراق تۇتۇش قىلىشىمىز كېرەك.»

سىز مەلۇم بىر تىل سۆزلىنىدىغان دىيارلارغا بارالمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ تىلدا سۆزلىششنى ئۆگىنىشنىڭ يەنىلا نۇرغۇن پۇرسەتلىرى بار. سىز مۇشۇ خىل سۆزلىشش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەپ ياكى توربەتلەردىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

**6. شۇ تىلغا بېرىلىڭ**

«مەلۇم بىر تىلنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرىش» ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، شۇ تىلنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. شۇ تىلدا سۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئىمكانقەدەر كۆپ پاراڭلىشىش، ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق ئىمكانقەدەر كۆپ ئۇچۇر قوبۇللاشقا تىرىشىڭ. مەلۇم بىر تىل سۆزلىنىدىغان دىيارلارغا بارماي تۇرۇپلا، شۇ تىلغا تولۇق بېرىلەلەش ئۈچۈن، چوقۇم شۇ تىلنى

ھاياتىڭىزغا سىڭدۈرۈشنىڭ چارىسىنى تېپىشىڭىز كېرەك. يۇقىرىدىمۇ قەيت قىلغىنىمىزدەك، تىل ئۆگىنىشكە تولۇق بېرىلىش ئۈچۈن، ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ساھەلەرنى مەركەز قىلىش ئىنتايىن پايدىلىق.

**7. بىر قېتىمدا بىرلا تىل ئۆگىنىش**

رىچاردىس سەككىز تىلنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولغان «كۆپ تىللىق» بولۇش سۈپىتى بىلەن، «قانداق قىلغاندا بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ تىل ئۆگىنەلەيمەن؟» دېگەن سوئال ئۈنىڭدىن ئەڭ كۆپ سورالغان.

ئۇ بولسا «بۇنداق قىلماڭ ... بىز يەنىلا رېئاللىقتا يۈزلىنەيلى، بىر تىلنى ئۆگىنىشمۇ يېتىپ ئاشقۇچە قىيىن ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ئۆگىنىش مىقدارى ئارىسىدا بىۋاسىتە باغلىنىش بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن دىققىتىڭىزنى قانچە مەركەزلەشتۈرسىڭىز، يەنى شۇ تىلغا ئاجراتقان ۋاقتىڭىز قانچە كۆپ بولسا، ئۇ تىلنى شۇنچە تېز ئۆگىنەلەيسىز. بۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر تىلنى ئۆگەنسىڭىز ۋاقتىڭىز ۋە دىققىتىڭىز بۆلۈنىدۇ، خالاس.

لېكىن، ئەگەر سىز چوقۇم ئىككى تىلنى تەڭ ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز ۋە ئۈنچىۋالا سۈرئەت قوغلىشىپ كەتمىسىڭىز، شۇنداقلا «بۇنداق قىلسىڭىز ئۆگىنىش سۈرئىتىڭىز ئاستىلاپ كېتىدۇ» دېگەن نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا رىچاردىس سىزنى شۇنداق قىلىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر سىز چوقۇم ئىككى تىلنى تەڭ ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا قايمۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، (ئىسپانچە بىلەن ياپونچە دېگەندەك) تامامەن پەرقلىق ئىككى تىلنى تاللاڭ.

**8. چالا «ماھارەت»لەرنى قوغلاشماي، دىققىتىڭىزنى ئۆگىنىشكە ھەقىقىي تۈردە مەركەزلەشتۈرۈڭ**

زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بارلىق ئىشلارغا ئوخشاش، كىشىلەر ئارىسىدا تىل ئۆگىنىشنىڭ «ئاسان» ئۇسۇللىرى توغرىسىدىمۇ سان ـ ساناقسىز ئەپسانىلەر ئېقىپ يۈرمەكتە.

ئۇنداقتا، تورلاردا ئېقىپ يۈرگەن «ئۇخلاپ تۇرۇپ تىل ئۆگىنىش» دېگەن ئۇسۇللار كارغا كېلەمدۇ؟ ياكى بۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقمۇ؟ رىچاردىس بۇ ھەقتە ھېچ ئىككىلەنمەستىن: «بۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىڭىز، تۈزۈك نەتىجە قازىنالمايسىز.

## 9. ۋىدىيو كۆرۈشنى ئاساس قىلىۋالماڭ

تىل ئۆگىنىشتىكى يەنە بىر «تاكتىكا» شۇ تىلدا ھۆججەتلىك فىلىم دېگەندەك پايدىلىق ۋىدىيولارنى كۆرۈشتۇر. ھالبۇكى، رىچاردىس بۇنى تىل ئۆگىنىشتىكى يادرولۇق ئۆگىنىش مېتودى دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، «ۋىدىيولار ئانچە قولايلىق فورمات ئەمەس»، چۈنكى ۋىدىيو كۆرگەندە ئېكراندا بىر ۋاقىتتا بىرەر جۈملە سۆزلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنى كىتابقا ئوخشاش تەكرار ـ تەكرار ئوقۇغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رىچاردىس ۋىدىيو كۆرۈشنى يادرولۇق ئۆگىنىش مېتودى قىلىشنى قوللاپ كەتمەيدۇ.

شۇڭا ۋىدىيو كۆرۈشكە سائەتلەپ ۋاقىت ئاجراتماڭ، چۈنكى سىز بۇ ئارقىلىق تىل ماھارىتىڭىزنى ئۆيلىغىنىڭىزدەك ياخشىلىيالمايسىز.

## 10. مۇجمەللىككە يول قويۇڭ.

بەلكىم سىز ئۈچ ئاي ئىچىدىلا بىر يېڭى تىلنى سۆزلىشەلىگۈدەك سەۋىيەدە ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ بىر تىلنى ئۆگىنىشكە ئۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

رىچاردىستىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشكە زۆرۈر بولغان مۇددەتتىن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ چوقۇم «مۇجمەللىككە يول قويۇشى» كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. يەنى سىز مەلۇم بىر تىلنى ئۆگەنگەندە، چوقۇم ئۆزىڭىز بىلمەيدىغان مىليونلىغان نۇقتىلارغا پەرۋا قىلماسلىقىڭىز كېرەك.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىز چۈشەنمىگەن تېكىستتىكى سۆزلەرنى بىرمۇ بىر ئىزدەپ چىقسىڭىز، بۇنىڭ ئۈنۈمى بەكلا تۆۋەن بولىدۇ ھەم ۋاقىتنى بەك خورىتىۋېتىدۇ.

ھالبۇكى، ئەگەر مۇنەۋۋەر تىل ئۆگەنگۈچىلەرگە ئوخشاش مۇجمەللىككە يول قويۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، تېخىمۇ راھەتلىنەلەيسىز. بىز مۇجمەللىككە يول قويۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىپ، زېھنىمىزنى ئۇللۇق مەسىلىلەرگە قارىتالايمىز ۋە تىل ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىمىزنى ھەرۋاقىت داۋاملاشتۇرالايمىز.

سىز بىر تىلنى ئۆگەنگەندە سادىر قىلىشىڭىز مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ خاتالىق «ھەممىنى بىلمىسەم بولمايدۇ» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشتۇر.

**بىر تىلنى ئۆگىنىشكە كېتىدىغان ۋاقىت سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزغا باغلىق**

**رىچاردىس تەشەببۇس قىلغان يۇقىرىقى تاكتىكىلار بىر تىلنى پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە ئۆگىنىشنى نىشان قىلغان بولۇپ، بۇلار بىر تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىشنى خالايدىغان ۋە شۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلارغا ماس كېلىدۇ.**

**ئەگەر سىزنىڭ «توقسان كۈندە بىر تىلنى ئۆگىنىۋېلىش»تەك نىشان بېكىتىشكە يېتەرلىك سەۋەبىڭىز بولمىسا، بىر تىلنى پەۋقۇلئاددە تېز ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە زىيادە بېسىم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر سىز بىراۋ بىلەن رىقابەتلەشمەكچى بولسىڭىز، باشقىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈنۈگۈنكى ئۆزىڭىز بىلەن رىقابەتلىشىڭ.**

**تىل ئۆگىنىش جەريانىدىكى «ئۇششاق-چۈششەك»، ئەمما سىجىل ئىلگىرىلەشلىرىڭىزدىن سۆيۈنۈڭ. نېمىلا دېگەن بىلەن، بىر تىلنى ئۆگىنىشتىكى سىزگە ماس كەلگەن ئۇسۇل ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://preply.com/en/blog/10-tips-learn-languages-fast




# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى: خىتايىنىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى سىناق سۇپىسى

**ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىكنى باھالاش كومىتېتىنىڭ دوكلاتى**


**ئاپتورلار:**

**ماسيۇۋ سوۋسېرلاند (Matthew Southerland)، بىخەتەرلىك ۋە تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى سابىق سىياسىي تەھلىلچى**

**ۋىل گرىن (Will Green)، بىخەتەرلىك ۋە تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى سىياسىي تەھلىلچى**

**سىېرا جانىك (Sierra Janik)، بىخەتەرلىك ۋە تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى سىياسىي تەھلىلچى**


## ئاساسلىق بايقاشلار

* يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي ئۆزى رايوندا بار دەپ قارىۋالغان تەھدىتلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (SCO) رامكىسى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى. خىتاي يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرمەكتە.

* شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي مانېۋىرلىرى خىتاي ئارمىيەسىنى چەتئەللەردە ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. مەزكۇر مانېۋىرلار يىراق مۇساپىلىك سەپەرۋەرلىك، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىلىرى،

مۇقىملىقنى قوغداش ھەرىكەتلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

* خىتاي چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشتا زوررو بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە كېلىشىملەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەھەتتە تەجرىبە توپلاش ئۈچۈنمۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلاندى. خىتاي ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جۈملىدىن تاجىكىستاندىكى ھەربىي قاراۋۇللۇق بازىسى ۋە خىتاي-تاجىكىستان-ئافغانىستان چېگراسىدىكى تېرورلۇققا قارشى چارلاش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائال ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي كەلگۈسىدە بۇ دىپلوماتىك ۋە ھەربىي ئۇرۇنۇشلىرىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تەدبىقلاشقا مۇۋەپپەق بولۇشى مۇمكىن.

## مۇقەددىمە

**2001-يىلى، خىتاي رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستان بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇردى. ئۇنىڭ جاكارلانغان نىشانى تېرورلۇق ۋە مۇقىمسىزلىققا قارشى تۇرۇش، چېگرا بىخەتەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىياسىي ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە قوللاشقا ئېرىشىشىدىن ئالاھىدە تەشۋىشلەنگەنىدى. خىتاي بۇ رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆزى مەۋجۇت دەپ قارايدىغان «تېرورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاشقۇنلۇق» تەھدىتلىرىگە قارشى تۇرۇشنى يېڭى تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق بۇرچى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى خىتاي ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن بارغانسېرى مۇھىم دەپ قارايدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندى. خىتاي ئۆزىنىڭ مۇداپىئە دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتىش، ھەربىي مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزۈش ۋە چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھالقىلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشتا بۇ تەشكىلاتتىن پايدىلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي بۇ مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك قىسىملىرىنى — خىتاي چېگراسىنىڭ سىرتىدا چارلاش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن — بۇ رايونغا ئورۇنلاشتۇردى. كەلگۈسىدە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، مۇداپىئە دائىرىسىنى ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ كېڭەيتىشى مۇمكىن.**

بۇ دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن ئىستراتېگىيەلىك سۇپا سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۇرۇنۇشى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن، بىخەتەرلىك قىسمىلىرىنى رايونغا ئاكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىنى ۋە قوغدىلىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان دىپلوماتىك كېلىشىم ۋە ھەربىي مانېۋىر قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى باھالىنىدۇ.

دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئامېرىكاغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

خىتاي تۈرلۈك ئىشلارغا قول تىقىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ۋە (ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى) چېگرا ھالقىغان تەھدىتلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەت بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زوراۋانلىق ۋە مالىمانچىلىقىنىڭ خىتايغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان (خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى) شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلىشىدىكى قانال بولۇپ قېلىشىغا بولغان ئەنسىرەش خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسىي ئامىل ئىدى. خىتاينىڭ ئىزچىل تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دەسلەپتىلا تېرورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاشقۇنلۇقتىن ئىبارەت ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خىتاي مەزكۇر تەشكىلاتنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن بارغانسېرى مۇھىم دەپ قارىدى. بۇ تەشكىلات يەنە 2017 ـ يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئەزالىققا قوبۇل قىلىش ھەمدە باشقا دۆلەتلەر ۋە رايونلۇق تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

<u>شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى: چېگرا تالاش ـ تارتىشلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك رايون مېخانىزمىغىچە</u>

1996 ـ يىلى، خىتاي، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان ھۆكۈمەتلىرى «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىش مېخانىزمى»نى قۇردى. بۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەسلى بولۇپ، ھەربىي جىددىيلىكنى پەسەيتىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن قېپقالغان چېگرا ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىغانىدى. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بۇ بەش دۆلەت «چېگرا رايونلاردىكى ھەربىي ساھەدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش كېلىشىمى» ئىمزالاشتى. مەزكۇر كېلىشىمدە رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەت ئوپچە ھالدا بىر تەرەپ، خىتاي ئۆز ئالدىغا يەنە بىر تەرەپ قىلىپ

بېكىتىلدى. كېلىشىمنىڭ تېكىستى ختاي چېگراسىدىكى ھەربىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇددىئاسىنىڭ «ياخشى قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق»نى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلىكى جاكارلانغاندى. 1997 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى كېلىشىم (1996 ـ يىلى ئىمزالانغان) بىرىنچى كېلىشىمنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، كەلگۈسى ھەمكارلىققا ئاساس سېلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسىدا روياپقا چىققان.

2001 ـ يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن، ھەم بۇ تەشكىلاتنىڭ دىققەت نۇقتىلىرىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىش مېخانىزمى» ئۆزبېكىستاننىمۇ ئەزالىققا قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ئالتە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش خىتابنامىسى»نى ئىمزالىدى. ختاي بىلەن بىۋاسىتە چېگرالانمايدىغان ئۆزبېكىستاننىڭ قوشۇلۇشى دەسلەپكى «چېگرانى مۇقىملاشتۇرۇش» نىشانىدىن ھالقىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇ كۈنى، يېڭى قۇرۇلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر تېرورلۇققا ۋە ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى ئىمزالاشتى. بۇ كېلىشىم ختاينىڭ ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ»كە بولغان ئەندىشىسىنى مەزكۇر يېڭى تەشكىلاتنىڭ مۇھىم قارارلىمىسى سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇپ، بۇلاشتۇردى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەزا دۆلەتلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۇقتىلىق ساھەلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىمزالانغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىزامنامىسى»دە 1996 ـ ۋە 1997 ـ يىللىرىدىكى «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىش مېخانىزمى» كېلىشىملىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى قايتا تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى» ھەمدە مۇداپىئە، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە قانۇن ئىجرائاتى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت يېڭى نىشانلار بېكىتىلدى.

ختاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى دەسلەپكى مەنپەئەتلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۆزى مەۋجۇت دەپ قارىۋالغان چېگرا ھالقىغان تەھدىتلەردىن مۇداپىئەلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»، ختاي غەربىي رايون (يەنى شەرقىي تۈركىستان)نىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدىغان يادرولۇق مەسىلە ئىدى. باشقا مەنپەئەتلەر ھەربىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ئېشىش پۇرسىتىگە ۋە ئېنېرگىيە بايلىقلىرىغا ئېرىشىش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ختاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ـــ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پارچىلىنىپ چىققان دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى دەپ قارايدىغان ـــ رۇسىيەنى چۆچۈتۈپ قويمىغان ئاساستا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتىنى قوغلىشىشنىڭ پايدىلىق رامكىسى دەپ قارىغانىدى.

گەرچە كۆزەتكۈچىلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە زادى قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى ئامېرىكا قىزىقىدىغان تېمىغا ئايلاندۇردى. ئامېرىكالىق بەزى كۆزەتكۈچىلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ياكى ياۋروپا بىخەتەرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ خەتەرلىك، غەيرىي دېموكراتىك رەقىبى دەپ قارايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى رىچارد بوۋچېر (Richard Boucher) شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكانى چەتكە قېقىشىدىن ئەندىشە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2006 ـ ۋە 2008 ـ يىللىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ھەمكارلىشىش ۋە رۇسىيەنىڭ ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېلىش جەھەتتە پايدىلىق ۋاستە بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندى. بەزى كۆزەتكۈچىلەر يەنە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كۆز قاراش پەرقىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە ئوپچە خىرىس قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشتى. مەزكۇر تەشكىلات 2017 ـ يىلى جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندىستان بىلەن پاكىستاندىن ئىبارەت بىر جۈپ رەقىبنى ئەزالىققا قوبۇل قىلغاندىن بۇيان، بۇ قاراش تېخىمۇ بازار تاپتى. ئامېرىكادىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ رايوندا (ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلەرنى) چەتكە قاقىدىغان ياكى (رايونغا تامامەن ئۆز ئالدىغا) ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى سەۋەبىدىن، خىتاينىڭ مۇقىمسىزلىق ۋە (ئاتالمىش) تېررورلۇققا بولغان ئەندىشىسى كۈچەيدى ۋە بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى كۈچەيتتى. ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى 2005 ـ يىلىدىن باشلانغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرى بۇ ۋەقەلەرنىڭ خىتايدا مۇقىمسىزلىق، ئېتىراز ۋە ئاغدۇرمىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىغا بولغان (ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئاساسىي يوق) ئەندىشىنى پەيدا قىلدى. 2008 ـ يىلى باشلانغان، ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق بىر قانچە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىن، جۈملىدىن 2009 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇر ـ خىتاي توقۇنۇشى، شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىدىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرى «ئۇيغۇر تېررورلۇق ھەرىكىتى» دەپ قارىغان ئىشلارغا بولغان دىققىتىنى كۈچەيتتى.

خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرى مەۋجۇت دەپ قارىۋالغان بۇ تەھدىتلەرگە ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. 2014 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە شۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ خىتاي قايتىپ زوراۋانلىق قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار خىتاينىڭ (كۆرۈنۈشتىكى) ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. خىتاي يەنە ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باشلامچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى ۋە ئافغانىستاندا «ئىسلام دۆلىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى سەۋەبىدىن

ئافغانىستاندىن خىتايغا يېيىلغۇسى مۇقىمسىزلىق ۋە زوراۋانلىق خەۋپىنى كۆچىيىۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. ۋەزىيەتتىكى ئۇشبۇ تەرەققىياتلارغا 2016-يىلى خىتاينىڭ قىرغىزىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىغا قىلىنغان ئاتالمىش «تېرورلۇق» ھۇجۇمى قوشۇلۇپ، خىتاينىڭ چەتئەل توقۇنۇشىغا چېتىشلىق بۇ قورالىلىق ئۇنسۇرلارنىڭ ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستاندىكى خىتاي خادىملىرىنى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئەندىشىسى تېخىمۇ كۆچەيدى («ئۇيغۇر پروجېكت فوندى» تەرىپىدىن تەرجىمە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ئۇلاپ بېسىلغان «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور شان روبېرتس خىتاي دائىرىلىرىنىڭ چەتئەلدىكى جىھادىي گۇرۇپپىلارنى ھېچقاچان ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق تەھدىتى دەپ قاراپ باقمىغانلىقىنى، پەقەت مۇشۇنى ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى»لىق قالپىقى ئاستىدا قىرغىن قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىپ، بۇلاردىن كېلىدىغان تەھدىتنى زىيادە كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلغانلىقىنى كۆچلۈك پاكىتلار ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مەزكۇر كىتابقا مۇراجىئەت قىلىڭ، ت).

خىتاي ئىزچىل ھالدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مېخانىزمى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. 2002-يىلى، خىتاي رايونلۇق تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنىنى، يەنى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئۆزبېكىستانغا جايلاشقان، گۇمانلىق تېرورلۇق ئۇنسۇرلىرى ھەققىدە ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئورتاق ھەرىكەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان باشقارمىسىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. بۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىككى دائىمىي ئاپپاراتىنىڭ بىرى بولۇپ، يەنە بىرى بېيجىڭدىكى كاتىبات باشقارمىسىدۇر. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق «رايون خاراكتېرلىك كۆچلۈك بىخەتەرلىك توسىقى» بەرپا قىلىپ، خىتاينىڭ مۇداپىئە دائىرىسىنى غەربكە كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. خىتاي ئىستىخباراتلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش سالمىقىنى كۆچەيتىش، شۇنداقلا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەردىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقنى «تىنجىتىش» ھەمدە تېرورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. مەسىلەن، 2014-يىلدىن باشلاپ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى «خىتاي-شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى خەلقئارا ئەدلىيە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق تەربىيەلەش بازىسى»دا (中国—上海合作组织国际司法交流合作培训基地) تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە دۆلەت ھالقىغان جىنايەتلەرگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە تەربىيەلىدى. خىتاي بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەربىي مانېۋىرلارمۇ (بۇ ھەقتە تۆۋەندە تېخىمۇ تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىنىدۇ) مۇقىملىقنى قوغداش ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىشكە تۆرتكە بولدى.

## ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچ كۆرستىش

خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلاندى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈلگەن دىپلوماتىك كېلىشىملەر ئارقىلىق، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سالدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەلگۈسى كرىزىسلارغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، باشقا رايونلاردىكى توقۇنۇشلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىتايغا يېقىنلىقى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خىتايغا بولغان مايىللىقى مەزكۇر رايوننى خىتاي ئۈچۈن چېگرا سىرتىدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ۋە باشقا ئەنئەنىۋى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى مەشىق قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك سىناق مەيدانىغا ئايلاندۇردى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئالاقىدار كېلىشىملەرنىڭ تۈرتكىسىدە، خىتاي زىيارەتچى ئەسكەرلىرىنى مانېۋىرلارغا قاتناشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى؛ رېئال مۇھىتتا كىچىك كۆلەملىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى؛ ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك خىلمۇخىل مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزدى؛ ئۆزىنىڭ يېرىم ھەربىيچە ساقچى قىسىملىرى بولغان «قوراللىق ساقچىلىرى»نى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ھەربىي خادىملار بىلەن بىللە چارلاش ۋەزىپىسى ئادا قىلىش ئۈچۈن چېگرا سىرتىغا ئەۋەتتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپلا، ھەربىي قىسىملارنى ۋە مەزكۇر يېرىم ھەربىي قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. 2016 ـ يىلى باشلانغان ئىسلاھاتتىن كېيىن، بۇ يېرىم ھەربىيچە قىسىملار خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنى سۈپىتىدە خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىغا تەۋە قىلىندى. «خەلق قوراللىق ساقچىلىرى» ئەڭ دەسلەپتە بۇ مانېۋىرلارغا قاتناشقاندا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى مانېۋىرلاردا كۆرۈلگىنىدەك، خىتاي قوراللىق ساقچىلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ (مەزكۇر رايوندىكى) كۈچ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى كۈچەيتىشىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالغان. بۇ پائالىيەتلەر خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە نوپۇزىنى زورايتتى ھەمدە خىتاينى باشقا رايونلارغا ھەربىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلىدى.

## دىپلوماتىيە چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچنى جارى قىلدۇرۇشقا زېمىن ھازىرلىغان

دىپلوماتىك مەشغۇلاتلار خىتاينىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىدىكى مۇھىم تەركىبىي ئامىلدۇر. بۇ خىل مەشغۇلاتلار، بولۇپمۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىغا تەييارلىق قىلىش، خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزاق يۈرۈشلەردە ئىشلىتەلەيدىغان مۇھىم تەجرىبىلەرنى ئىگىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي مانېۋىرلار توغرىسىدىكى كېلىشىمى خىتاينىڭ ھەربىي مانېۋىر ئۆچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىنى زۆرۈر قانۇنىيلىق بىلەن تەمىنلىدى. 2007 ـ يىلى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. مەزكۇر كېلىشىمدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيەسىنىڭ باشقا ئەزا دۆلەتلەردە مانېۋىر ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى قانۇنىي ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئۇرۇش ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئىساك كاردون (Isaac B. Kardon) 2019 ـ يىلى كومىتېتىمىز (ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىكنى باھالاش كومىتېتى)غا گۇۋاھلىق بەرگەندە كۆرسىتىشىچە، بۇ كېلىشىم خىتاينى كەم دېگەندە ۋاقىتلىق «قوشۇن سالاھىيىتى كېلىشىمى» (Status of forces agreement ـــ ساھىبخان دۆلەت بىلەن شۇ دۆلەتتە قوشۇن تۇرغۇزغان يەنە بىر دۆلەت ئارىسىدىكى كېلىشىم. «قوشۇن سالاھىيىتى كېلىشىمى» ھەمىشە ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەرلىك پۈتۈمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە باشقا خىل ھەربىي كېلىشىملەرگە ياندىشىپ كېلىدۇ، ت) ئۆرنىكى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بەزى خىتاي تەتقىقاتچىلىرى بۇ كېلىشىمنىڭ خىتاي كەلگۈسىدە تېخىمۇ يىراق ئەللەردە ئۇللۇق كېلىشىملەرنى تۈزۈشتە ئىشلەتسە بولىدىغان قېلىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. خىتاي مۇشۇ تۈردىكى كېلىشىمگە ئاساسەن ئاللىقاچان تاجىكىستاندا قوراللىق ساقچى قاراۋۇللۇق بازىسى قۇرۇپ بولغان ۋە (شۇنىڭغا ماس) ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ئارقىلىق، ئۇچۇش ھوقۇقى ۋە چەتئەل ئايرودروملىرىنى ئىشلىتىش، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئۆچىنچى دۆلەتكە ئۆتۈش ۋە ساھىبخان دۆلەتنىڭ ئەشيا ئوبوروتى جەھەتتىكى قوللىشى قاتارلىق خۇسۇسلاردا سۆھبەتلىشىش جەھەتتە مۇھىم تەجرىبە توپلىدى. بۇ ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسى چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدۇر. مەسىلەن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى 2012 ـ يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تاجىكىستانغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، خىتاي بىلەن قىرغىزىستان خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قىرغىزىستان قۇرۇقلۇقى ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتۈپ مانېۋىرغا قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنىدى. بۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ خىل قاتناش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇنچە يىراق ئارىلىقتىكى باشقا دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىرغا قاتنىشىشى، شۇنداقلا مانېۋىرغا قاتنىشىش سەپىرىدە تۇنجى قېتىم ئۈچىنچى بىر دۆلەتتىن ئۆتۈشى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى جەريانىدا، ئۆز ئايروپىلانلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى رۇسىيەنىڭ ئايرودروملىرىغا قونۇشقا ۋە شۇلارنىڭ سىرتىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ساھىبخان دۆلەتنىڭ خىتاينىڭ ھەرىكىتىگە ئارقا سەپ تەمىناتى ياردىمى بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى مىسالغا كەلسەك، 2018 ـ يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا، رۇسىيەنىڭ ھەربىي ئايروپىلانى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ

قۇرۇقلۇق قىسىملىرىغا ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. تىنچلىق مەزگىلىدە مانېۋىرلار تۇغرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەر كىرىزىس مەزگىلىدىمۇ ئوخشاش كېلىشىملەرنى تۈزگىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، بۇلار خىتاينى ئۈچىنچى دۆلەت بىلەن ماسلىشىش جەھەتتە مۇھىم تەجرىبە بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بۇ تەرەققىياتلار يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىدا تۇرۇشى ياكى زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە بارغانسېرى رازى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېڭى ھادىسىدۇر.

## خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادا رېئال مۇھىتلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى باشلىدى

خىتاي ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك تەشەببۇسلىرى ئاساسىدا، ھەربىي قاراۋۇللۇق بازىلىرى قۇرۇش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ دەسلەپكى رېئال مۇھىتلىق ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇداپىئە دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يېڭى قەدەم تاشلىدى. 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاي قورallıq قىسىملىرىنىڭ بىر پارچىسى بولغان خىتاي خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى تاجىكىستاننىڭ خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان) ۋە ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىن جايىدا قاراۋۇللۇق بازىسى قۇردى. تاجىكىستانلىق بىر نەپەر كۆزەتكۈچىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە قاراۋۇلخانا ۋە بىنالار تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان بۇ مۇئەسسەسەنىڭ سىرتىدا نەچچە يۈز ئادەم ئىشلىشى مۇمكىن. «خىتاي مەسىلىلىرى» سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ پروگرامما دىرېكتورى دىرك ۋان دېر كلېينىڭ (Dirk van der Kley) بىلدۈرۈشىچە، بۇ مۇئەسسەسەدە، خىتاي قوراللىق ساقچى خادىملىرى ئافغانىستان ۋە تاجىكىستان قوراللىق قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە تېرورلۇققا قارشى چېگرا چارلاش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلغان. بولۇپمۇ خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تاجىكىستاننىڭ گورنو ـ بەدەخشان ئاپتونوم رايونىدا ۋە ئافغانىستاندىكى ۋاخان كارىدورىدا ـــ بۇ كارىدور ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەدەخشان ئۆلكىسىدىن شەرقىي تۈركىستانغىچە سوزۇلىدۇ ـــ تاجىكىستان ۋە ئافغانىستان ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە چارلاش ئېلىپ بارغان.

«تۆت تەرەپ ھەمكارلىقى ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى» (QCCM) خىتاي قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قولايلىق تۇغدۇرغاندەك قىلىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، تۆت تەرەپ ھەمكارلىقى ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى تۆت دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مۇنبىرى بولۇپ، ئالاھەزەل خىتاي قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنىشقا باشلىغان 2016 ـ يىلى قۇرۇلغان. خىتاي ئافغانىستان، پاكىستان ۋە تاجىكىستان بىلەن قۇرغان «تۆت تەرەپ ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى» كۆپ تەرەپلىك كېلىشىم ۋە قەرەللىك، يۇقىرى دەرىجىلىك كۆپ تەرەپلىك ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق تۆت ئەزا دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ماسلىشىش ۋە ئىستىخباراتتىن

ھەمبەھىرلىنىش سالمىقىنى كۆچەيتتى. «تۆت تەرەپ ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى»دىن ئىلگىرى، خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندىكى قورالLIق ئۆنسۇرلارنىڭ خىتايغا ئېقىپ كىرىشىگە بولغان ئەندىشىسىنى تۆگىتەلمىگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئەنگلىيە خان جەمەتى بىرلەشمە ئارمىيە تەتقىقات يۇرتىنىڭ دوتسېنتى رافائېلو پانتۇچچىغا (Rafaello Pantucci) كۆرە، خىتاينىڭ ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماستىن، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان، دەرھال ياكى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىخەتەرلىك نەتىجىلىرى ياكى قورالLار بىلەن تەمىنلىيەلمىگەنىدى». بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، «تۆت تەرەپ ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى»نىڭ سايىسىدە، خىتاي ئۆزىنىڭ قورالLIق ساقچىلىرىنى رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرا بىخەتەرلىكىدىكى (ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى) كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش جەھەتتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغاندەك قىلىدۇ. گەرچە «تۆت تەرەپ ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى» شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا بىۋاستە باغلىنىشلىق بولمىسىمۇ، ئەمما شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى — «تۆت تەرەپ ھەمكارلىق ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۈچى بۇ تەشكىلاتقا ئەزادۇر — ئارقىلىق ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت ۋە ئەمەلىيەتلەر بۇ مېخانىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان بولۇشى مۇمكىن.

## يىراققا يۈرۈش قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك پۇرسەت

خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتى ئۇنىڭ خىتاي ـ ئافغانىستان ـ تاجىكىستان چېگرا رايونىنى چارلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقاندىن سىرت، يەنە خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن مانېۋىر ئۆتكۈزۈشىگىمۇ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ مانېۋىرلار خىتاي ئارمىيەسىنىڭ باشقا تىپتىكى يىراققا يۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى قىممەتلىك پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. خىتاي چەتئەلدىكى باشقا مانېۋىر ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن بۇنداق تەجرىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق ماھارەتلەرنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن دەسلەپكى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇشبۇ دەسلەپكى پۇرسەتلەر ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرىدىن تەشكىل تاپقان پۈتكۈل قىسمىنى تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق توشۇش؛ چېگرا ھالقىغان ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىش ۋە چەتئەل ئايرودروملىرىدىن ھاۋا ھۇجۇمى قوزغاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خىتاي يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش كۆلىمى ۋە دائىرىسىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتتۇالدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ

**مانپۇرلىرى ئارقىلىق چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۆچىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقىنىغا 15 يىلدىن ئاشقان خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2002 ـ يىلىدىكى تۇنجى مانېۋىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئىشتىراك كۆلىمىنى زورايتىپ كەلدى. 2002 ـ يىلىدىكى تۇنجى مانېۋىردا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئالاھىدە قىسمىنىڭ تەخمىنەن 100 ئەسكىرى ۋە باشقا خادىملىرى قىرغىزىستاندا تېرورلۇققا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقانىدى. ھازىر ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرىگە تەۋە بارلىق قىسىملار — بۇلارنىڭ ئەسكەر سانى بەزىدە 1000 دىن ئاشىدۇ — چەتئەللەردە مانېۋىرغا قاتناشماقتا. بۇ بەزىدە ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا بىۋاستە تەدبىقلىغىلى بولىدىغان ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق بىرلەشمە ھەرىكىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر رايوندىكى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ تېرورچىلارغا قارشى تۇرۇشى، تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى تىنجىتىش ۋە ئىسيانچىلارغا قارشى تۇرۇش دېگەندەك بىر قاتار سىنارىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.**

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئىسلامىي پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە

# ئىسلامىي پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم[2]

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن بىرى پەرزەنتنىڭ ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. چۈنكى، پەرزەنت كىچىك چېغىدا تەربىيىلىگۈچىسى تەرىپىدىن سادىر بولغان ئاچچىقى يامانلىق، ئالدىراڭغۇلۇق، نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئەل بولۇپ كېتىش، ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قوغلىشىش، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئادەتلەر ئاساسسىدا چوڭ بولسا، چاڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىدە بار قىلغان بۇ سەلبىي ئەخلاقلارنى يوق قىلىش قىيىنلىشىدۇ. بۇ خىل يامان ئەخلاقلار كىشى چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە خۇي-پەيلىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. كىشى بۇ خىل يامان ئەخلاقلاردىن بار كۈچى بىلەن قېچىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، كىچىكىدە سىڭدۈرۈۋالغان ناچار ئەخلاقلار ئۇنىڭغا كاندەك چاپلىشىۋېلىپ، كىشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، بالىنىڭ چوڭ بولغان مۇھىتىنىڭ ناتوغرا بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەربىيەنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك، بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېزىش ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن

ئۇنىڭدىن سىرت، بالا ئاق-قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلىغان چاغدا ئويۇن-تاماشا، ئەخلاقسىز سۆزلەر، بىدئەتلەر مەۋجۇت بولغان يەرلەردىن يىراق تۇتۇلۇشى كېرەك. چۈنكى، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئورنىشىپ قالغان ناباپ سۆزلەر بالا چوڭ بولغاندا ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى تەس بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغان ناچار ئەخلاقلاردىن قۇتقۇزۇشى قىيىن بولىدۇ. كۆنگەن ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش بەكمۇ قىيىن ئىشتۇر. ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇلىغۇچى ئىلگىرىكى ئادەتلىرىدىن تامامەن پەرقلىق ھالدا ياشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئادەتلەرنىڭ كونترولىدىن چىقىش تولىمۇ تەستۇر.

پەرزەنت ئۆزىدە بارنى چىقىرىش ئارقىلىق ئەمەس، باشقىلاردا بارنى سۈمۈرۈش ئارقىلىق چوڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا-ئانا پەرزەنتنى باشقا كىشلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىشتىن ئەڭ يۇقىرى رەۋىشتە ئۇزاق تۇتسۇن.

---

[1] تېما تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

[2] ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە مىلادى 1292-يىلى (ھىجرىيە 691-يىلى) دەمەشىقتە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1350-يىلى (ھىجرىيە 751-يىلى) دەمەشىقتە ۋاپات بولغان ئېنسكلوپېدىك ئىسلام ئالىمدۇر.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنى باشقىلارغا قول سوزىدىغان، باشقىلاردىن مەنپەئەتلىنىدىغان ئەمەس، باشقىلارغا بېرىدىغان، پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان قىلىپ كۆندۈرسۇن. ئاتا ـ ئانىنىڭ باشقىلارغا بىر نەرسە بەرمەكچى بولسا بۇنى بالىنىڭ قولى بىلەن بېرىش ئارقىلىق، بالىغا باشقىلارغا بېرىشنىڭ، ئاتا قىلىشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنى يالغان سۆزلەش ۋە خائىنلىق قىلىشتىن — كىشىنىڭ جىنىغا زامىن بولىدىغان زەھەردىن توسقاندەك — توسسۇن. چۈنكى، پەرزەنت يالغان سۆزلەشكە كۆنۈپ، خائىنلىق قىلىشتىن ئۇزاق تۇرالمىسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى قولدىن كېتىدۇ. بۇنداق پەرزەنت تۇرلۇك ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىنى ھورۇنلۇقتىن، بىكارتەلەتلىكتىن ۋە راھەتپەرەسلىكتىن ئۇزاق تۇتۇپ، بالىنى بۇلارنىڭ زىتىغا ئادەتلەندۈرسۇن. ھورۇنلۇقنىڭ ۋە بىكارتەلەتلىكنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت ۋە پۇشايماندۇر. ئىشلەش سەۋەبلىك ھېرىپ ـ چارچاش يا دۇنيادا، يا ئاخىرەتتە ياكى ھەر ئىككىسىدە ماختاشقا لايىقتۇر.

ئەڭ راھەت ياشىغۇچى ئەڭ كۆپ ھېرىپ ـ چارچىغۇچىدۇر. دۇنيادا باشلامچى بولۇشقا، ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشقا پەقەت ھېرىپ ـ چارچاش كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش ئارقىلىقلا ئۇلاشقىلى بولىدۇ. يەھيا ئىبنى كەسىر «بەدەننىڭ راھەتلىكى بىلەن ئىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ» دېگەن.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا (تاڭ سەھەرگە يېقىن) ئويغىنىشقا كۆندۈرسۇن. چۈنكى، بۇ ۋاقىت غەنىمەتلەر تەقسىم قىلىنىدىغان، مۇكاپاتلار تارقىتىلىدىغان ۋاقىتتۇر. بۇ غەنىمەت ۋە مۇكاپاتلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ نېسىۋىسى ئاز، بەزى كىشىلەرنىڭ نېسىۋىسى كۆپتۇر. بەزى كىشىلەر بولسا بۇ نېسىۋىدىن تامامەن مەھرۇمدۇر. كىچىك چېغىدىلا كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيقۇدىن ئويغىنىشقا كۆنگەن بالىغا چوڭ بولغىنىدا بۇنداق قىلىش قەتئىي تەس كەلمەيدۇ.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنى پاراڭ ـ سۆھبەتنىڭ، يەپ ـ ئىچىشنىڭ، ئۇيقۇنىڭ، ئىنسانلار بىلەن ئارىلىششىنىڭ نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىدىن چەكلىسۇن. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ نورمىدىن ئارتۇق بولۇشى كىشىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كىشىنىڭ ھەم دۇنيانىڭ، ھەم ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنى يەپ ـ ئىچىشكە ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئارزۇ ـ ھەۋەستىن ئەڭ يۇقىرى رەۋىشتە ئۇزاق تۇتسۇن. چۈنكى، بۇ خىل ئارزۇلىرىغا يەتكۈزىدىغان سەۋەبلەرگە ئېرىشىپ، بۇ ئارزۇلىرىغا يەتكەن بالا كەلگۈسىدە مىسلىسىز ئېغىر بۇزۇلۇشنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ.

پەرزەنتنى ياخشى تەربىيەلەشكە سەل قاراپ، پەرزەنتنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئارقىلىق، پەرزەنتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئاتا ـ ئانىلار نۇرغۇندۇر. پەرزەنتنى تەربىيەلەشكە سەل قاراپ، پەرزەنتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش يولىنى تۇتقان

**بۇ خىل ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇنداق قىلسام پەرزەنتىمنى ئەزىزلىگەن بولىمەن، بۇ قىلغانلىرىم پەرزەنتىمگە كۆيۈنگەنلىكىم دەپ قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پەرزەنتىنى خارلىماقتا ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلماقتىدۇر. بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيلا قالماي، پەرزەنتىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا سەۋەب بولماقتا. باللاردا كۆرۈلگەن بۇزۇلۇشلارنىڭ سەۋەبى تەتقىق قىلىنغىنىدا، بۇنىڭ ئومۇمىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىدىن مەنبەلەنگەنلىكىنى كۆرىسەن.**

**ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنىڭ ئەقلىگە زىيان سالىدىغان ھاراق، چېكىملىك ۋە شۇ تۈردىكى زەھەرلىك ماددىلارغا، شۇنداقلا بۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە يېقىن يولىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بۇنداق نەرسىلەردىن ۋە بۇ خىل كىشىلەردىن پەرزەنتىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى لازىم. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەردۇر. كىشى ھاراق، چېكىملىك قاتارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشقا باشلىنغاندا ھايا ۋە كۆللەش تۇيغۇسىنىڭ يوق بولۇشى ئۈچۈن قەدەم باسقان بولىدۇ. سەھىھ ھەدىستە «ھايا ۋە كۆللەش تۇيغۇسىنى يوق قىلغۇچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېيىلگەن. (مۇسنەد ئەھمەد 2\26)**

**كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىمۇ تۇيمىغان ئاساستا پەرزەنتلىرىنىڭ خەتەرگە يول ئېلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ، بۇ خىل خەتەر دۈشمەنمۇ ئالدىراپ كەلتۈرەلمەيدىغان خەتەردۇر. نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار باردۇركى پەرزەنتلىرىنىڭ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ تۈرلۈك خەيرلەردىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىشى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە پەرز قىلغان پايدىلىق ئىلىمدىن ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدىندۇر. (چۈنكى، پايدىلىق ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەل ساھىبى بولمىغان ئاتا ئانا پەرزەنتىنى پايدىسىز ئىلىمگە، جاھالەتكە ۋە ناچار ئىش ھەرىكەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.) ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەسلىكى، پەرزەنتىنىڭ بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەسلىكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغا بېرىلگە بىر جازادۇر.**

**ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ياكى بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بالىنى يىپەك كىيىم كىيىشتىن چەكلىشى لازىم. ھەمجىنىسلىق، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قاتارلىق قىلمىشلار بالىنىڭ خاراكتېرىنى بۇزغىنىدەك، يىپەك كىيىم كىيىشمۇ ئەر جىنىسىدىكىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بۇزىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە يىپەك ۋە ئالتۇن ھارام، ئاياللار ئۈچۈن ھالالدۇر.» (تىرمىزى 1720؛ ئىبنى ماجە 3595؛ مۇسنەد ئەھمەد 4\394)**

**كىچىك بالا مۇكەللەف (پەرز قىلىنغان دىنىي ئىبادەتلەرنى قىلىشى ۋە ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن يېنىشى پەرز ھېساپلانغۇچى) بولمىسىمۇ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ بالىنىڭ ھارامنى قىلىشىغا يول قويۇشى ھالال بولمايدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ ھارامنى قىلىشىغا يول قويۇلسا، بالا بۇ ھارامغا كۆنۈپ قالىدۇ، ئاقىۋەتتە بۇ ھارامدىن قول ئۈزۈشى قىيىنغا توختايدۇ. ئالىملار ئارىسىدىكى بۇ جەھەتتىكى ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئەڭ توغرا بولغىنى مانا بۇدۇر. كىچىك بالا مۇكەللەف بولمىغىنى**

بىلەن، مۇكەللەپ بولۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقۇچىدۇر. بۇ ۋەجىدىن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشمۇ، يالىڭاچ ياكى بەدەنلىرىدە مەينەتچىلىك بار ھالەتتە ناماز ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھاراق ئىچىشى، قىمار ئوينىشى، ھەمجىنسلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

بالا ئۆزى قىلالايدىغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئۆيغۇن بولغان ئىشنى قىلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىش بىلەن مەشغۇل قىلسۇن. شەرىئەت رۇخسەت قىلغانلىكى تەقدىردە بالىنى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىشتىن تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشقا يېتەكلىشىگە يول يوق. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئەگەر بالىنى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان، بالا ياخشى قىلالايدىغان ئىشتىن باشقىسىغا يېتەكلىسە، ئويلىغىنىدەك نەتىجە ئالالمايدۇ. بالا ئۆزى ئۇيغۇن بولغان، ئۆزى ياخشى قىلالايدىغان ئىشنى قىلىشتىنمۇ مەھرۇم قېلىپ چوڭ زىيانغا ئۇچرايدۇ.


مەسىلەن، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئىش ـ ھادىسىلەرنى كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشىنىڭ ئورۇنلۇق، ئېسىنىڭ ۋە ئەقلى قابىلىيىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، بۇ بالىغا ئىلىم ساھەسىدە يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق بالا ئىلىم ساھەسىدە تەرەققىي قىلىپ باش كۆتۈرەلەيدۇ.

بالىنىڭ ئات مىنىش، قىلىچ ـ نەيزە ئوينىتىش قاتارلىق ئىشلاردا ئالاھىدىلىكى بولسا، ئىلىمگە قىزىقىشى يوقلۇقى بىلىنىپ، ئىلىمگە كىرىشەلمىسە، ئۇ ھالدا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنى چەۋەندازلىق جەھەتتە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك بولىدۇ. ئىلىمگە قىزىقىشى يوق، ئەمما چەۋەندازلىقتا ئالاھىدىلىكى بار بالىنى مۇشۇ ساھەدە تەربىيىلەش ھەم بالا ئۈچۈن، ھەم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر.

بالىنىڭ بۇلاردىن باشقا ساھەگە قىزىقىشى بارلىقىنى، مەسىلەن خام ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئەشيالارنى ياساپ چىقىش جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بارلىقى بايقالسا، بالىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشى بولغان بۇ سانائەت تۈرى ئىسلام شەرىئىتىگە زىت بولمىغان، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان سانائەت تۈرى بولسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنى بۇ جەھەتتە تەربىيىلىشى كېرەك بولىدۇ.

ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، يۇقىرىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ دىنىي جەھەتتە بىلىشى كېرەك بولغان ئەقىدە، بەش پەرز فىقھى، ئىسلامىي ئەدەپلەر قاتارلىق زۆرۈر شەرئىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىدىن كېيىن كېلىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ «تۇھفەتۇل مەۋلۇد» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# ساختىپەز

ئۇمۇتۋار

# ساختپەز

(ھېكايە)

ئۇمۇتۋار

ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋىقىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چاچ ـ ساقاللىرىنى يۇيۇش ۋە كېيىنىشتە ئامال بار تېۋۈش چىقارماسلىققا تىرىشتى. كونا جايدا ئۈچ قېرىندىشى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە. ئۇ ئۆيدىن چىقىش ئۈچۈن يېنىك دەسسىگىنىچە ئىشىكنى ئاچتى.

— نۇرمۇھەممەت قارى؟ — ياتاق ئۆيدە ئۇنىڭ تېۋۈشلىرىنى سېزىپ ياتقان ئانىسى، ئۇ ئۆيدىن چىقىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ كىرىش ئىشىكىنى ئېچىشقا ئۇنى چاقىردى.

ئانىسىنىڭ چاقىرىشىدىن ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنەر بىلىنمەس نارازىلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى. ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئىككىنچى قېتىم چاقىرىشى سەۋەبلىك بوۋىقىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېزلىك بىلەن ئانىسى ياتقان ياتاق ئۆيگە كىردى.

— سىرتقا ماڭغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، بىر نەچچە بۇرادەر بىلەن بىردەم ئىيمانلىشىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدىم، مېنى ساقلاۋاتىدۇ.

— دورىخانىدىن قان بېسىمىنىڭ دورىسىدىن ئالغاچ كىرەلەمسىز بالام، دورام تۈگەي دېدى.

— ماقۇل ئانا، باشقا نەرسە لازىممۇ، — سورىدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— رەھمەت بالام، لازىم ئەمەس، ئاۋايلاپ ماڭارسىز.

— ماقۇل، مەن چىقىپ كىرەي، خوش ئانا، ئاللاھقا ئامانەت.

ئۇ قارىي ئەمەس ئىدى، مۇنتىزىم دىنىي تەربىيەمۇ ئالمىغان، قۇرئان ساۋادىمۇ تۈزۈك يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئانىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىسمىنىڭ كەينىگە «قارى» دەپ قوشۇپ چاقىراتتى.

ئۇ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كونا جايغا قاراپ ماڭدى. خۇدابەردى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنىي بىلىم ـ چۈشەنچىسى ئەڭ ياخشى ياش بولۇپ، تۆت بەش يىلدەك مەخپىي مەدرىستە تەلىم ئالغان، چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ دىنىي ئىلىم ئېلىشنى توختىتىپ قويماي، ھەپتىدە بەش ئالتە سائەت

موللىلارنىڭ دەرسىگە قاتنىشىپ، ئايدا بەش ئون ۋاراق دىنىي ئەسەر ئوقۇپ تۇراتتى. نۇرمۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ دىنىي بىلىمگە، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە خېلىلا قايىل ئىدى. خۇدابەردى بار ھەر قانداق سورۇنغا كىچىنى كىچە دېمەي، يىراقنى يىراق دېمەي كېلىپ قاتنىشاتتى. خۇدابەردىمۇ گەپكە ئۇستا، چېچەن ياش ئىدى. نەدە نېمە دېيىشنى، كىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۆزىنى قانداق تۇتۇۋېلىشنى، ئامال بار ئېغىر بېسىق ـ تەمكىنلىكنى ساقلاشنى بىلەتتى. خۇدابەردى قاتارلىق بىر نەچچە بۇرادىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ مۇڭ بولۇپ، ئىمانلىشىش نۇرمۇھەممەتنىڭ ھاياتىغا مەنە قېتىشتىكى، ئەڭ مۇھىمى دىنىي چۈشەنچىسىنى ياخشىلاپ، بىلىمگەنلەرنى بىلىۋېلىشىدىكى بەكمۇ قىممەتلىك ئۆچرىشىش ھېسابلىناتتى. نۇرمۇھەممەت بۇ بىر نەچچە بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭغان ۋە كۆرۈشۈپ قايتقان چاغلىرىدا باشقىچە روھلىنىپ، كەيپىياتى ئالاھىدە ياخشىلىنىپ قالاتتى.

نۇرمۇھەممەت بۇرادەرلىرى بىلەن بىر مىنۇت بولسىمۇ بالدۇر يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن تېز ۋە يوغان قەدەملەر بىلەن كونا جايغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۇچرىشىدىغان كونا جاي تەخمىنەن ئىككى يۈز كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى كىچىك گۈللۈك بولۇپ، گۈللۈكتە بار يوقى ئون تۈپتەك دەل ـ دەرەخ، ئۈچ تۆت يەرگە كىچىك ـ كىچىك قىلىپ ئايرىلغان كاتەكچىلەردە پورەكلەپ ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللەر، باللار ئوينايدىغان ئىككى ئۈچ خىل ئويۇنچۇق، گۈللۈك رىشاتكىسىغا چاپلاپ قويۇلغان، ھەر بىرىدە ئۈچ ئادەم ئازادە ئولتۇرالايدىغان ياغاچ ئورۇندۇقلار بار ئىدى.

نۇرمۇھەممەت گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. ئۆزىدىن بۇرۇن كېلىپ بولغان ئۈچ بۇرادىرى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. نۇرمۇھەممەت ئۇلارغا ياڭراق ئاۋازدا سالام قىلدى، ھەر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشكەندە بولۇپمۇ خۇدابەردىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇزاقراق ھال سورىدى.

نۇرمۇھەممەت گۈللۈكنىڭ بۇلۇڭىدا بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ بىرىدە، خۇدابەردىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا يەر ئالدى. نۇرمۇھەممەت ھەممەيلەندىن ئەھۋال سوراپ چىقتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرۇۋېرەي ئەمىسە. ساھابىلەر ئەنە شۇنداق تەقۋادار ئىدى. بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ساپ ئىدى. قايسى ساھابىنىڭ بېشىغا نېمە قىيىنچىلىق كەلسە، باشقا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ باشچىلىقىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ساھابىگە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردەمنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتەتتى. مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار مەككىدىكى پۇل ـ مال، ئۆي ۋاقىلىرىنى تاشلاپ، مەدىنىگە قۇرۇق قول ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇلارنى مال ـ بېسات، ئۆي ـ جايلىرىدىن ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتەلمەسلىكىنى شەرت قوشۇپ، مۇشۇ شەرتكە كۆنسە ئاندىن مەككىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ شەرتىدە چىڭ تۇرۇۋشقان ئىدى. ساھابىلەرمۇ ئۇلارنىڭ بۇ شەرتىگە تامامەن قوشۇلۇپ، ئاللاھقا بولغان مۇستەھكەم ئىمانى ۋە ئىسسىق جېنىدىن باشقان ھېچنېمىسى يوق ھالەتتە مەدىنىگە يەرلەشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسسەللەم مەككىدىن كەلگەن ھەر بىر مۇھاجىرلارنى مەدىنىلىك يەرلىك ئەنسارىيلار بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويىدى. ئەنسارىيلار مۇھاجىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش ۋە قېرىنداشلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدى. نەپسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چەكتە مۇجادەلە قىلدى. ھەتتا ئىش شۇ دەرىجىگە باردىكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇھاجىر ساھابىلەردىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى ئەنسارىي ساھابە سەئىد ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويىدى. سەئىد ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «مەن ئەنسارىلار ئارىسىدا ئەڭ مالدار ئادەممەن. مېلىمنى ئىككىگە بۆلۈپ (يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن)؛ ئىككى ئايالىم بار. قارىغىن، قايسىسىنى بەك ياقتۇرساڭ ماڭا دېگىن، مەن ئۇنى تالاق قىلاي. ئىددىتى توشقاندا ئۇنى نىكاھلاپ ئالساڭ بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ھەممىمىز بىلىمىز ساھابىلەر تولىمۇ ئېيپەتلىك، مال ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئېتىشتىن، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن ئۇزاق تەقۋادار بەندىلەر. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قېنى ئۆيلىشىپ باقاي دېمەستىن، ياكى ماقۇل دەپ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىغا ئىجابىي جاۋاب قايتۇرماستىن «ئاللاھ ئائىلەڭگىمۇ، مېلىڭغىمۇ بەرىكەت بەرسۇن. بازىرىڭلار نەدە؟» دېدى. ئۇنىڭغا بازارنى كۆرسىتىپ قويىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بازارغا بېرىپ پىشلاق ئېلىپ، ئۇنى ئازغىنە پايدىغا سېتىپ شۇ تەرىقىدە سەرمايىسىنى ئاز ئازدىن كۆپەيتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ساھابىلەرنىڭ ئەڭ بېيىغا ئايلىنىپ كەتتى.

— مەن مۇشۇ ھەدىسنى بۇخارىدا ئوقۇغان، — ئابدۇمىجىت شۇنداق دەپ سۆز قاتتى.

— توغرا، بۇ بۇخارىنىڭ ھەدىسى، — خۇدابەردى سۆزنى داۋام قىلدى، — ساھابىلەر بىر ـ بىرىگە ئەنە شۇنداق كۆيۈمچان ئىدى. بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىشىدەك كۆرەتتى. ساختىپەزلىك قىلمايتتى. ئاللاھ قۇرئاندا ساھابىلەرنى كۆپ يەردە ماختىغان، ساھابىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرمۇ ساناقسىز. بىز ئۆزىمىزدە شۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرىشىمىز لازىم. بىز ساھابىلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانمىز. ئىلىمدە، تەقۋادا، ئىبادەتتە ۋە ئەخلاقتا ئۇلارغا قانچە ئوخشىيالىساق، ئىككىلى دۇنيادا شۇنچە بەختلىك بولىمىز.

خۇدابەردىنىڭ سۆزلىرى بەكمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. دىن ھەققىدە سۆزلىسە ئاغزىدىن ئايەت ھەدىس پىلىموتتەك چىقاتتى. ئاڭلىغۇچىلارمۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتى.

— ساھابىلەر بىزنىڭ ئۈلگىمىز، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە تۇتقان، رەسۇلۇللاھ بىلەن ساھابىلەر بىزنىڭ ئۈلگىمىز، — سۆز قاتتى نۇرمۇھەممەت ياڭراق ئاۋازدا.

كۆز ئايلىرى بولغاچقا ھاۋا سۆرۈن ئىدى. كىشىگە ئاپتاپ خوش ياقاتتى. گۈللۈكتە ئۈياقتىن بۇياققا چېپىپ ئويناۋاتقان كىچىك بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئۇلارنىڭ قىزغىن پاراڭغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. خۇدابەردى سۆزلىمەكتە، نۇرمۇھەممەت زەن سېلىپ تىڭشىماقتا. خۇدابەردى سۆزلىگەنسېرى نۇرمۇھەممەتنىڭ قەلبى شۇنچە يايراشقا، ئۆزىنى شۇنچە روھلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن خۇدابەردى سۆزلەۋاتقان دىنىي مەلۇماتلارنى جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشىماقتا ئىدى.

— بىلىسىلەر، ئۆتكەندە ئابلىكىم ئاغرىپ قالغاندا مەن جاھاندارچىلىق ئۆچۈن باشقا شەھەردە ئىدىم، كېيىن ئۇقسام سىلەر يېقىن مەھەللىدە تۇرۇپ ئۇنى يوقلاپ كىرىپ بولالماپسىلەر. راستىنى ئېيتسام، بۇنداق بىپەرۋالىق مېنى بەك ئېچىندۇردى.

باشقىلار لام ـ جىم دېمەستىن جىم ئولتۇرۇشتى. بۇ گەپتىن ھەممىسىنىڭ چىرايىدا دېگۈدەك خىجىللىق تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

— سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا مەن بولغان بولسام، ھەر قانچە ئالدىراش بولۇپ كەتسەممۇ ئابلىكىمنى يوقلاپ بېرىپ، ھال ـ سوراپ، ھاجەتلىرى بولسا راۋا قىلغان بولاتتىم. دېنىمىز بىزگە مۇشۇنى ئەمر قىلىدۇ. شۇڭا، دىنىي قېرىنداشلارغا يېقىن تۇرۇشقا سەل قارىمايلى، بولۇپمۇ ئاغرىق سىلاق بولۇپ قالغاندا قاچمايلى قېرىنداشلار.

— سىلى بىلىسىلەر، ئۇ چاغدا ئانامنىڭمۇ مىجەزى يوق، بىزمۇ ئانامدىن ئەنسىرەپ، يېنىدىن ئايرىلماي باقتۇق، ئابلىكىمنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ئانامنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ قالغان مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا مەن يوقلاپ كىرەلمەي قالدىم. ھېلى يانغاچ بولسىمۇ بىر يوقلاپ ئۆتەمدۇق يا.

— ياخشى گەپ، — ھەممەيلەن دېيىشقۇالغاندەكلا شۇنداق دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

— راستلا ياخشى گەپ بولدى ئاغىينىلەر، — سۆز ئاچتى خۇدابەردى، — ئەسىر نامىزىغا ئەزان چىقسا مەسجىدكە كىرىپ ئوقۇۋېلىپ، ئابلىكىمنى يوقلاپ، قەرزىمىزنى ئۆتىۋېتەيلى ئۇنداقتا. ھە راس، ئابلىكىمگە تېلفون قىلىپ باقاي، ئۆيىدە يوقمۇ تېخى.

خۇدابەردى شۇنداق دەپ تۇرىشىغا نۇرمۇھەممەتنىڭ تېلفونى سايرىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھە گەپ قىلىڭە.

نۇرمۇھەممەتنىڭ ئايالى تېلفون قىلغان ئىدى. تېلفۇننى قۇلىقىغا تۇتقان نۇرمۇھەممەتنىڭ چىرايى بىردىنلا تەسۋىرلىگۈسىز ئەنسىزلىككە چۆمدى:

— نېمە، ئانام ئايلىنىپ كەتتى!!! مەن ماڭغاندا ساپمۇ ساقتىغۇ ... مانا ھازىرلا بارىمەن.

— ئانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ قېرىنداشلار، مەن جىددىي ئۆيگە قايتىپ دوختۇرغا ئېلىپ بارمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ما ئىشنى، ئاناڭلارنى تېخى قايسى كۈنى بازاردا كۆرگەن ئىدىم، بىر ئوبدان سودا ـ سېتىق قىلىپ قايتىپتىكەن، — سۆز قاتتى بۇرادەرلەردىن بىرى.

— خۇدابەردى، ماشىنىنى ھەيدەڭلار، گۆررىدە بېرىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئىش بولسا بىللە ئاپىرىلى، — سۆز ئاچتى بۇرادەرلەردىن بىرى جىددىي تەلەپپۇزدا.

— مەن ... ھە مەن، باللىرىمنى ئەسىردىن يېنىپ باغچىغا ئېچىقىپ ئويىنىتىشقا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىكەنمەن. رەسۇلۇللاھ مۇناپىقنىڭ ئۈچ ئالامىتى بار دەپ، شۇ ئۈچ ئالامەتنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلسا ۋاپا قىلمايدۇ، دەپ سانىغان. شۇڭا ... مەن...

— ھەي ئاداش، نۇرمۇھەممەتنىڭ ئىنسىنىڭ ئەھۋالى جىددىيكەن، باغچىغا ئەتە ئېچىقارسىلەر، بولۇڭلار تېز، — بايىقى ئاغىنە خۇدابەردىگە قايتا ئېغىز ئاچتى.

— لېكىن، شۇ، باللار ...

— بولدى بۇرادەرلەر، مەن مېڭىۋېرەي، ھەممىڭلارغا ئاللاھقا ئامانەت، — نۇرمۇھەممەت شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

— جىددىي ئىش بولسا تېلفۇن قىلارسىلەر، بىز تەييار، — ئاغىنىلەردىن بىرى كەينىگە بۇرۇلغىنىچە يۈگۈرەپ كېتىۋاتقان نۇرمۇھەممەتكە شۇنداق دەپ توۋلىدى.

نۇرمۇھەممەت گۈللۈكتىن چىقىپ ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئىنسىنىڭ سۇلغۇن چىرايى، ئەپ تاپسىلا ئۆزىنى چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن جىقراق پاراڭلىششقا ئۈندەشلىرى نۇرھەممەتنىڭ خىيال ئېكرانىدىن يالت قىلىپ كەچتى. ئەنسىزلىك ئىلكىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان نۇرمۇھەممەت ساھابىلەرنىڭ ئانىلىرى ھەققىدىكى بىرەر ۋەقەلىكنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىپ باقتى. ئېسىگە ھېچ نەرسە كەلمىدى. نۇرمۇھەممەتنىڭ كاللىسىغا ئانىسىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھەرخىل ئەنسىز خىياللار كېلىۋالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاچ دۇئا قىلدى. توختىماي دۇئا قىلدى. ئاللاھتىن ئانىسىنى سالامەت قىلىپ بېرىشنى تىلىدى. نۇرمۇھەممەتنى ئانىسىنى سېغىنىش ئازابى چىرمىۋالدى. ئانىسى ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئانىسىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىپ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ كەتتى. نۇرمۇھەممەت بىر ياقتىن يۈگۈرگەچ، بىر ياقتىن ئۆيىگە كىرگەن پېتى ئانىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىشنى، ئانىسىنىڭ «مەن سالامەت، ئەنسىرىمەڭ نۇرمەمەت قارى» دېگىنىچە ئۆزىگە قۇچاق ئېچىشنى ئاللاھتىن توختىماي تىلەۋاتاتتى. ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان نۇرمۇھەممەت بۇ قېتىم ئانىسىغا بىر ئىش بولماي قالسا، كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە خۇدابەردىدىن ساھابىلەرنىڭ ئانىلىرى ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراشنى ئويلاشتى. خۇدابەردى ھەر ئېسىگە كەلسە نۇرمۇھەممەتنىڭ ئىچىنى باشقىچە خۇشاللىق قاپلىۋالاتتى. نۇرمۇھەممەت خۇدابەردىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. نۇرمۇھەممەت بۇ قېتىم خۇدابەردى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزىگە ساھابىلەرنىڭ ئانىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلىشىنى ئارزۇلىدى. نۇرمۇھەممەت ئانىسى بىلەن بىر دەققە بولسىمۇ بالدۇرراق ئۇچرىشىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.


مۇسۇلمان ئويغىنىش
ئەردوغان «ب د ت»دا ئۇيغۇرلار
توغرۇلۇق نېمە دېدى؟

# ئەدوغان «ب د ت»دا ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق نېمە دېدى؟

تۈركىيە پرېزدېنتى رەجەب تايىپ ئەردوغاننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 77 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي مەجلىسىدە قىلغان سۆزىنىڭ تولۇق تېكستى

**ھۆرمەتلىك رەئىس، ھۆرمەتلىك دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى،**

**ھۆرمەتلىك باش كاتىپ،**

**ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر،**

**ئۆزۈمگە ۋە مىللىتىمگە ۋاكالىتەن، سىلەرگە ئەڭ سەمىمىي ھېسسىيات ۋە ھۆرمەت ئىلكىدە سالام يوللايمەن! بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 77 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ دۆلەتلىرىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى تىلەيمەن. ئومۇمىي مەجلىسنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كسابا كۆرۆسىنى** (Csaba Körösi) **تەبرىكلەيمەن.**

**مەنچە ئومۇمىي مەجلىسىمىز ئۈچۈن بېكىتىلگەن «ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن خىرىسلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشتىكى ھالقىلىق پەيت» تېمىسى تولىمۇ جايىدا قويۇلغان. چۈنكى بىز بۇ يىغىننى دۇنيامىز بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.**

**تاجىسمان ۋىرۇس يۇقۇمىغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا يەكۈنلىگەن ساۋاقلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىمى دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى بولدى. تۈركىيە يۇقۇم جەريانىدا ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماستىن، 161 دۆلەت ۋە 12 خەلقئارالىق تەشكىلاتقا ياردەم بەردى. بىز يەرلىك ۋە مىللىي ۋاكسىنىمىز بولغان تۈركوۋاكنى (TÜRKOVAC) پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردۇق.**

**بىز كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمىزنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، بۇلتۇر پارىژ كېلىشىمىگە ئىمزا قويدۇق. دۆلەت باياناتىمىز ئارقىلىق 2053 ـ يىلى كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىمىزنى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىمىزنى ۋە يېشىل تەرەققىيات ئىنقىلابىمىزنى جاكارلىدۇق. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «بىيولوگىيىلىك كۆپ خىللىقنى قوغداش ئەھدىنامىسى» 16 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار كېڭەشىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بۇ ساھەدە داۋاملىق باشلامچىلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇرىمىز.**

تاجىسىمان ۋىرۇس يۇقۇمى تەمىنلەش زەنجىرىگە تۇغدۇرغان كاشىلىلار تۈپەيلى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ رۇسىيە ـ ئۇكرائىنا ئۇرۇشى سەۋەبلىك يېڭى زەربە دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. ئېنېرگىيە، يېمەكلىك ۋە خام ئەشيا باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىن كېلىپ چىققان پۇل پاخاللىقى بېسىمى دۇنيادىكى بارلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم روشەن ھالدا كۈنتەرتىپكە ئەكەلدى.

تۈركىيە ئىزچىل ھالدا ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى رىقابەت ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىق ساھەسى دەپ قاراپ كەلدى. ئۆز ئېھتىياجىمىزدىن باشقا، رايونىمىزدىكى ۋە يەر شارى مىقياسىدىكى ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى قوللايدىغان نۇرغۇن تۈرلەرنى يولغا قويدۇق. ئەڭ يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتى بۇ تەدبىرلەرنىڭ توغرىلىقى ۋە مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنىمۇ خەۋپكە ئۇچراتتى. ماددىي ۋە تېخنىكا ئىمكانىيەتلىرى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن 21 ـ ئەسىردە، دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ ھېلىھەم ئاچارچىلىق ۋە نامراتلىق ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتى سەۋەبلىك، دۇنيا 2030 ـ يىلى ئاچارچىلىقنى تۈگىتىشنى نىشان قىلغان سىجىل تەرەققىيات نىشانىدىن يىراقلىششقا باشلىدى. ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن بۇ زۇلمەتلىك مەنزىرىنى ئۈمىد نۇرى بىلەن يورۇتۇشنىڭ بىردىنبىر يولى خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئادىل ۋە ھەققانىي رەۋىشتە كۈچەيتىشتۇر.

بىز ئورتاق تەقدىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان خىرىسلارغا قارشى ئورتاق قارالما بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بىر دەۋرگە قەدەم قويدۇق. تۈركىيە يۇقۇم ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدىلا ئەمەس، بەلكى رۇسىيە ـ ئۇكرائىنا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەنسىزلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىمۇ مۇشۇنداق ئىرادىنى نامايان قىلدى. بىز ئۇكرائىنادىكى باشلانغىنىغا يەتتە ئاي بولغان توقۇنۇشنىڭ تۈنجى كۈنىدىن ئېتىبارەن، «ئۇرۇشتا غالىب، ئادىل تىنچلىقتا مەغلۇبىيەتچى بولماس» دېگەن تەپەككۇر بىلەن ئىش قىلدۇق. نۆۋەتتىكى كرىزىسنى ھەل قىلىشتا ھېلىھەم دىيالوگ ۋە دىپلوماتىيەنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى تەكىتلەۋاتىمىز. ئۇشبۇ تەپەككۇرنىڭ ۋە قولايلاشتۇرغۇچىلىق رولىمىزنىڭ سايىسىدە، بىز ئالدى بىلەن «ئانتالىيا دىپلوماتىيە مۇنبىرى»دە، ئاندىن ئىستانبۇلدا ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىر يەرگە جەم قىلدۇق. ھۆرمەتلىك باش كاتىپ بىلەن بىللە جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇكرائىنا ئاشلىقلىرىنىڭ قارا دېڭىز ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. مەزكۇر ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلگەن «ئىستانبۇل ئورتاق تونۇشى»غا ئىككى ئاي بولاي دېگەن ئۇشبۇ پەيتلەردە، مال چىقىرىش مىقدارىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىغا مەمنۇنىيەت ئىلكىدە شاھىت بولماقتىمىز. ئاشلىق تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان بۇ كېلىشىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نەتىجىسىدە، دۇنيا مىقياسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتىن ياردەم كۈتۈۋاتقانلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا بولغان ئىشەنچىسى قايتىدىن كۈچەيدى. «ئىستانبۇل ئورتاق تونۇشى» يەنە ھەرقايسى تەرەپلەر ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان مەسىلىلەردە سۆھبەتنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زاپورىجىيا يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى كرىزىسقا قارىتامۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان قايتىدىن ئەۋج ئالغان ئۇرۇشنى ئۇكرائىنانىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە مۇستەقىللىقى ئاساسىدا ئاخىرلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ داۋاملاشتۇرىمىز. مەن بۇ يەردە خەلقئارا تەشكىلاتلارنى ۋە بارلىق دۆلەتلەرنى تۈركىيەنىڭ سەجىل تىنچلىق ئورنىتىش تىرىشچانلىقىنى سەمىمىي رەۋىشتە قوللاشقا چاقىرىمەن. بىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كرىزىستىن ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىلكىدە قۇتۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان مۇۋاپىق، ئادىل ۋە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان دىپلوماتىك چارىنى بىرلىكتە تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن، مىليونلىغان ئىنساننى زىيانغا ئۇچراتقان بۇ ئاپەتلەر ھەقىقىي مەنىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىكنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا نامايەن قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى ھەممىمىزگە يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئۆزىنىڭ سىغدۇرۇشچان خاراكتېرىگە لايىق، تېخىمۇ ئادىل تەرتىپ ئۈچۈن چارە تاپالايدىغان ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورتاق ئىرادە بارلىققا كېلىدىغان تەشكىلات سۈپىتىدە قايتا تەشكىللىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بولۇپمۇ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى تېخىمۇ ئۈنۈمدار، دېموكراتىك، ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە مەسئۇلىيەتچان قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيەگە ئىگە قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق، ئادالەت ۋە گۈللىنىشنى ئىزدەش يولىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئورتاق مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۇنتۇلدۇرماسلىق ئۈچۈن، بىز ھەر بىر سۇپىدا «دۇنيا بەشتىن چوڭدۇر، دۇنيانى تېخىمۇ ئادىل ھالەتكە ئەكەلگىلى بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى داۋاملىق تەكىتلەيمىز. ئېتىقاد ۋە ئىرادە بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ مۇجادىلىمىزنى بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

مۆھتىرەم ۋەكىللەر،

تۈركىيەنىڭ تاشقى سىياسەت تەسەۋۋۇرى ئەزەلدىن تىنچلىقنى ئاساس قىلغان. بىز رايونىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنيادا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىۋاتىمىز. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدە ئېلىپ بارغان «تىنچلىق ئۈچۈن مۇرەسسەلەشتۈرگۈچىلىك تەشەببۇسى»مىز ئارقىلىق توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتىمىز. بىز ياۋروپادىن لاتىن ئامېرىكاسى ۋە ئافرىقاغىچە بولغان ئوخشىمىغان رايونلاردا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەرنى ھەل

**قىلىشتا، مۆرتى كەلگەندە مۇرەسسەلەشتۈرگۈچى، مۆرتى كەلگەندە ئاسانلاشتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئىجابىي رول ئوينايمىز. زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا تولغان رايوننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز مەسىلىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى چارىنىڭ بىر قىسمى بولۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتىمىز.**

**بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، بىز خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 2254 ـ نومۇرلۇق قارارى ئاساسىدا، سۈرىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشتا خەلقنىڭ يوللۇق ئۈمىدىگە ئۇيغۇن مەڭگۈلۈك چارىنى تېپىشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمىز. قاتمال ھالەتنىڭ داۋاملىشىشى ھەم رايونىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى، ھەم سۈرىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى بارغانسېرى تېخىمۇ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراتماقتا. سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى تۆت مىليوندىن ئارتۇق پۇقرا دۆلىتىمىز تەمىنلىگەن بىخەتەرلىك كاپالىتى ۋە خەلقئارالىق ياردەملەرنىڭ سايىسىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. خەۋپسىزلىك كېڭىشى سۈرىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياردەم مېخانىزمىنىڭ ئاساسى بولغان قارارنى (ﯖ مۇددىتىنى) ئۇزارتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.**

**دۆلىتىمىزگە، بىخەتەرلىك قىسىملىرىمىزغا ۋە پۇقرالىرىمىزغا تېرورلۇق ھۇجۇمى قىلغان ھەمدە بۆلگۈنچىلىك قاراملىرى بىلەن سۈرىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت سالغان «كۇردىستان ئىشچىلار پارتىيەسى» (PKK) ۋە ئۇنىڭ تۇغۇندىلىرىغا پەرۋا قىلماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىسىم ئۆزگەرتىشتەك چاكىنا نەيرەڭلەر ئارقىلىق بۇ تېرورلۇق تەشكىلاتىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلارنى تېرورچىلارنى قوراللاندۇرۇش ۋە قوللاشنى تېزدىن توختىتىشقا ۋە خاتالىقىدىن يېنىشقا ئۈندەيمىز. شۇنى كۈچلۈك تەرزدە بىلدۈرىمىزكى، بىز تېرورلۇققا قارشى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا قادىرمىز ۋە تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىغا قارشى زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا زىنھار ئىككىلەنمەيمىز.**

**سۈرىيەلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز دۆلىتىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، بىخەتەر ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىلكىدە قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاش ئۈچۈنمۇ ئۆز بۇرچىمىزنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىۋاتىمىز. بىز ئۇرۇشتىن قاچقان پۇقرالارنىڭ ئىنسانىي شارائىتتا ياشىيالىشى ئۈچۈن سۈرىيەنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا كۆمۈر كېسەكدىن[1] 100 مىڭ يۈرۈش ئۆي سېلىۋاتىمىز. بىز بۇ ئۆيلەرنىڭ خېلى كۆپىنى تاماملاپ، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا تاپشۇردۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە تەخمىنەن بىر مىليون سۈرىيەلىكنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان 200 مىڭ يۈرۈش ئۆي سېلىشقا تەرەددۇتلاندۇق. بىخەتەر رايوندىكى 13 ئوخشىمىغان مەركەز ۋە يېزىلاردا سېلىنىدىغان بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياج بار. بىز سۈرىيەدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقان ئولتۇراقلىشىش تۈرىگە كۆپچىلىكنىڭ تېگىشلىك رەۋىشتە ھەسسە قوشۇشىنى ۋە ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.**

[1] كۆمۈر كېسەكى — قوڭۇر كۆمۈر، كۆمۈر توپىسى ۋە قاراماي چۆكمىلىرىنى پرېسلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان خىشسىمان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى.ـ ت

**ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك ئىزدەپ چىققان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ كېمىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، ئۆلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى بىلەن كارى بولماسلىق، چېگرالارغا تام سېلىش ۋە كىشىلەرنى جازا لاگېرلىرىغا سولىۋېلىش ئارقىلىق مۇساپىرلار كرىزىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ كرىزىسنى ھەل قىلىش ئىنسانىي ۋە ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى يادرو قىلغان تىرىشچانلىقلارغا موھتاج. ۋەھالەنكى، بىز گرېتسىيەنىڭ ئەگە دېڭىزى ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كۆچمەنلەرگە قارىتىلغان زۇلمىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاۋاتقانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. تۈركىيە ئايلانغا[2] ئوخشاش باشقا نارەسىدىلەر دېڭىزدا جان بەرمىسۇن دەپ تىرىشىۋاتقاندا، گرېتسىيە قانۇنسىز ۋە پەرۋاسىز رەت قىلىشلىرى بىلەن ئەگە دېڭىزىنى مۇساپىرلارنىڭ مازىرىغا ئايلاندۇرماقتا.**

**ئالدىنقى ھەپتە، توققۇز ئايلىق بولغان ئاسىم ئىسىملىك بوۋاق بىلەن تۆت ياشلىق ئابدۇلۋاھھاب بار كېمە گرېتسىيە دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلىرى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلگەچكە، بۇ ئىككى نارەسىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تەڭ قازا قىلدى. ياۋروپا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگانلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغان بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى توسىدىغان ۋاقتى كەلدى.**

**يەنە بىر قوشنىمىز ئىراقتىمۇ تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتىمىز. بىز ئىراقتا «ئىراقلىق» كىملىكى ئاساسىدىكى سىياسىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە يارىشىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىراقنىڭ پاراۋانلىقىنى سىجىل ياخشىلاپ، تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.**

**ئەلۋەتتە، بىز ئىراقتىكى مۇقىمسىز ۋەزىيەتنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، دۆلىتىمىزگە كۆز تىككەن تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز يول قويمايمىز. بۇ مۇنبەردە قايتا ـ قايتا تەكىتلىگىنىمدەك، بىز تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمايدىغان، سەممىي ۋە ئۈنۈملۈك خەلقئارالىق ھەمكارلىق ئارقىلىق تېرورلۇق ئاپىتىگە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قازىنالايمىز. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەرقانداق ئىسمىدىكى بارلىق تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان تۈركىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە دوستلىرىدىن سەممىي ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئۈمىد قىلىشى ئەڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. بىز تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە زالىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئورنىغا دۆلىتىمىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق رايوننىڭ بەختەرلىكى، مۇقىملىقى، تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىششقا تەييارمىز.**

**مۆھتەرەم ۋەكىللەر،**

**شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئىنچىل تەكىتلەشكە تېگىشلىك جايلاردىن بىرىدۇر. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، لىۋىيەنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشى پۈتكۈل**

---

[2] ئايلان ــ مۇساپىر كېمىسى چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە جەستى دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ قالغان ھەمدە شۇ سەۋەبلىك پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان سۈرىيەلىك بالىنىڭ ئىسمى.ـ ت

رايون، بولۇپمۇ قوشنىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تۈركىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز لىۋىيە خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىتتىپاقلىقى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئارقىلىق تېگىشلىك دەرىجىدە گۈللىنىشكە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. لىۋىيەدە ئادىل ۋە ئىشەنچلىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، قانۇنىي سالاھىيىتىنى خەلقتىن ئالغان كۈچلۈك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشى ھەممىمىز ھەسسە قوشۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق نىشان بولۇشى كېرەك.

بىز ئوتتۇرا شەرقتە ئەبەدىي تىنچلىق ۋە مۇقىملىق ئورنىتىش ئۈچۈن ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى زۆرۈر دەپ قارىغان ئىسرائىلىيە ـ پەلەستىن توقۇنۇشى ھەققىدە، (ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىندىن ئىبارەت) ئىككى دۆلەتلىك ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى كۈچلۈك قوللايمىز. قۇددۇس (ئېرۇسالىم)نىڭ تارىخىي ۋە كۈلتۈرەل كىملىكىگە ھەمدە مۇقەددەسلىكىگە چوقۇم ھۆرمەت قىلىنىشى؛ ئىشغال قىلىنغان يەرلەردىكى قانۇنسىز ئولتۇراقلىشىش قىلمىشلىرى چوقۇم توختىتىلىشى، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. رايوندىكى مەسىلىنى ئادىل، مەڭگۈلۈك ۋە ئەتراپلىق ھەل قىلىشنىڭ شەرقىي ئېرۇسالىمنى پايتەخت قىلغان مۇستەقىل ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق پەلەستىن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن باشقا مۇمكىنچىلىكى يوق.

بىز ئۆزىمىزنىڭ، ئىسرائىلىيەنىڭ، پەلەستىن خەلقىنىڭ ۋە رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملىق كۈچەيتىمىز. بۇ جەرياندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «پەلەستىن مۇساپىرلىرىغا ياردەم بېرىش باشقارمىسى»نىڭ سىستېما ۋە مالىيە ئىقتىدارىنى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق پەلەستىنلىك مەزلۇملارنى قوغداش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر.

تۈركىيە ئىران بىلەن بولغان ئومۇمىيۈزلۈك بىرلەشمە ھەرىكەت پىلانىنىڭ يەر شارى ۋە رايون مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن بىر دۆلەتتۇر. ئىراننىڭ يادرو پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى دىپلوماتىيە ۋە دىئالوگ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئالاقىدار سۆھبەتلەرنىڭ ئەڭ تېز مۇددەتتە نەتىجىلىنىپ، ئەمەلىيلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەزەربەيجاننىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىنلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشى ھەمدە جەنۇبىي كاۋكاز رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تارىخىي پۇرسەت كۆزنىكى ئېچىلدى. تۈركىيە ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمىنىيە ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىۋاتقان (تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش تەييارلىقى قاتارلىق) جەريانلارنى قوللاش ئارقىلىق بۇ پۇرسەتنىڭ چىڭ تۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى. گەرچە يېقىنقى كۈنلەردە يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار بۇ گۈزەل مەنزىرىنى خۇنۈكلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز پات پۇرسەتتە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىشىغا ئىشىنىمىز. بىز ئەزەربەيجانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ۋە كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتىكى كۈرەشلىرىدە، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىمىز.

بۇ رايوندىكى ئېلىمىز بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قاتناش لىنىيەلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر تېزدىن ئېچىلىشى ھەممەيلەننىڭ پاراۋانلىقىغا پايدىلىق ئىلگىرىلەش بولىدۇ.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئىشغالىيەت، توقۇنۇش، تېرورلۇق ۋە نامراتلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن تىركىشىپ كەلگەن ئافغانىستان يەنە بىر قېتىم سىناقتا دۇچ كەلدى. بۇ دۆلەتتىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلۇق كىشىلىك ھوقۇقلارنى قوغداش جەھەتتە باسىدىغان قەدەملىرى ئىستىقباللىق تەرەققىياتلارغا يول ئېچىشى مۇمكىن. تۈركىيە بۇ قىيىن كۈنلەردە ئافغانىستانلىق قېرىنداشلىرىنى داۋاملىق قوللايدۇ.

ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىقكە ئېرىشكىنىگە 75 يىل بولغىنىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىھەم كۆچلۈك تىنچلىق ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىلمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىمىز. كەشمىردە ئادىل، ئەبەدىي تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق بەرپا قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

يېقىندا يۈز بەرگەن كەلكۈن سەۋەبىدىن پەۋقۇلئاددە قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن پاكىستان خەلقىنىڭ بۇ پالاكەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا تەكرار تىلەكداشىمىز. بىز ئاپەتتىن كېيىن باشلىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى پائالىيەتلىرىمىزنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. بىز خەلقئارا جەمئىيەتنىڭمۇ بۇ ئازابلىق مەزگىلدە پاكىستان خەلقىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بىخەتەر، ئىختىيارى، ئىززەت-ئىكرام ئىلكىدە ۋە مەڭگۈلۈك قايتىپ كېلىشىگە داۋاملىق ياردەم بېرىمىز.

خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە، «بىر خىتاي» چۈشەنچىسىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىنھار زىيان يەتكۈزمىگەن رەۋىشتە، مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئۇلۇق ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ قوغدىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىمىز.

بىز بالقاندىكى تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى كۈچەيتىش ھەمدە زىددىيەتلەرنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سۇپىلاردا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز. بىز مۇشۇ خىل چۈشەنچە ئاساسىدا، 9-ئاينىڭ بېشىدا بۇ رايوندىكى بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا، سېربىيە ۋە كىرودىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەللەرنى زىيارەت قىلدۇق. بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنادىكى سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە بېلگراد-پرىستىنا سۆھبىتىدىكى ئىلگىرىلەش بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىغا ھەسسە قوشىدۇ.

تۈركىيە ئەگە دېڭىزى ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى دائىرىسىدە ۋە خەلقئارا قانۇن بويىچە ھەل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەزكۇر رايوندا دۆلىتىمىز بىلەن ئەسلا ئۆزگەرمەسكە سوقۇشتۇرالمايدىغان سىياسىي ۋە ھەربىي سەۋىيەسىگە قارىماستىن، كۈچ كۆرسىتىش كويىدا يۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى كۈلكىگە قويماقتا.

شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدا تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ داۋاملىشىشى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىنىشىغا باغلىق. بىز گرېتسىيەنىڭ يىرىكچىلىك ۋە ئىغۋاگەرچىلىك سىياستىنى تاشلاپ، ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىق چاقىرىقىمىزغا قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئىلگىرى تەشەببۇس قىلغان «شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز مەجلىسى» بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۆرتكە بولىدۇ، دەپ قارايمىز. سۆھبەتداشلىرىمىزنىڭ بۇ خۇسۇستا ئازراقمۇ قەدەم باسمىغانلىقى كىمنىڭ تىنچلىق ۋە دىيالوگ، كىمنىڭ يىرىكچىلىك تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

تۈركىيە ئەگە دېڭىزى ۋە شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ھوقۇقىنى ئاداققىچە قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سىياسى مۇددىئالىرى ئۈچۈن يىرىكچىلىك تاكتىكىسى ئىشلەتكەنلەرنىڭ دامىغا چۈشمەيدۇ.

قىبرىس (سىپرۇس) مەسىلىسىدىمۇ، ئادىل، مەڭگۈلۈك ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل چارە تېپىش ئۈچۈن شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئىزچىل ياخشى نىيەتلىك ۋە ئىجابىي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەتنى كۆرۈشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن ئارالدا ئىككى ئايرىم دۆلەت، ئىككى ئايرىم خەلق بارلىقىنى بىلىدۇ. قىبرىس تۈرك خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق باراۋەرلىكى ۋە باراۋەر خەلقئارالىق ئورۇن ھەققىنى ئېتىراپ قىلىش ئارالدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بىز خەلقئارا جەمئىيەتنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت ھالدا ئېمبارگولار ئارقىلىق دۇنيادىن يېتىم قالدۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇلۇۋاتقان قىبرىس تۈركلىرىگە قارىتىلغان زۇلۇمنى توختىتىشقا ۋە شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىمىز.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان گرېتسىيە ئەگە دېڭىزىدىكى تەرتىپسىز كۆچمەنلەرنى ئىنسانىيلىققا زىت رەۋىشتە رەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمان تۈرك ئاز سانلىقلارغا قارىتامۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئايرىمچىلىق ۋە بېسىم سىياستىنى يۈرگۈزمەكتە. بىز گرېتسىيەنىڭ بارلىق ناتوغرا پائالىيەتلىرىنى توختىتىشنى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىنسانىيلىققا زىت ۋە قانۇنسىز بۇ قىلمىشلارنى كۆرمەسكە سالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۆھتىرەم ۋەكىللەر،

يەرشارى ۋە رايون قاتلىمىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر بىر يېڭى خىرىس تۈركىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

بىز بۇ يىل شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرگەنلىكىگە يەتمىش يىل بولغان كۈچلۈك ئىتتىپاقداش بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىمىز ۋە ھەربىي ئىقتىدارىمىز ئارقىلىق ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەسسە قوشماقتىمىز. بىز «ياۋروپالىق» كىملىكىمىز بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىگە داۋاملىق تۆھپە قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ غەربتىكى «ئاسىيالىق» بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، «قايتىدىن ئاسىيا تەشەببۇسى» (Yeniden Asya Girişimi ــــ تۈركىيە ئوتتۇرىغا قويغان، تۈركىيەنىڭ ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان تىجارىتىنىڭ

قوراللىنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان تەشەببۇس، ـ ت) ئارقىلىق بۇ قىتئەدىمۇ ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن تىرىشۋاتىمىز.

بىز يېقىنقى مەزگىللەردە بارغانسېرى ئېغىرلىشۋاتقان دۇنياۋى مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتىدىغان قەدەملەرنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋاتىمىز. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، بىز 2021 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئافرىقالىق دوستلىرىمىزنىڭ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشى بىلەن 3 ـ نۆۋەتلىك «تۈركىيە ـ ئافرىقا شېرىكلىك يىغىنى»نى ئاچتۇق. تۈركىيە باراۋەر بىر شېرىك بولۇش سۈپىتىدە، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش مۇساپىسىگە ھەمرا بولۇش ئىرادىسىنى ھەرۋاقىت نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

بىز لاتىن ئامېرىكاسى بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىش ئاساسىدا كۈچەيتىلگەن ھەمكارلىقىمىزنى، ئىككى تەرەپلىك قاتلامدا ۋە رايونلۇق تەشكىلاتلاردا سىستېمىلىق سەۋىيەدە داۋاملىق كۈچەيتىمىز.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمەنكى، خەلقئارالىق تۈزۈلمە ھەر خىل كرىزىسلار سەۋەبلىك تەۋرەنگەن بۇ دەۋردە ئىنسانىيەتنى كۆتۈۋاتقان ئەڭ زور خەۋپلەردىن بىرى بىللە ياشاش ئىستىكىنى يوقىتىشتۇر. بىز يېقىنقى يىللاردا ئىرقچىلىق، ئايرىمچىلىق، چەتئەللىكلەرگە ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش خاھىشىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن قاتتىق ئەندىشىلەنمەكتىمىز. بىز بۇ مۇنبەردە يېڭى زېلاندىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان تېرورلۇق ھۇجۇمىنىڭ خاتىرە كۈنى بولغان 15 ـ مارتنى خەلقئارالىق «ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈنى» دەپ جاكارلاش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. ئالدى بىلەن «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى»دا، ئاندىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسىدە چىقىرىلغان قارارلار بىلەن، بۇ چاقىرىقىمىز ھېلىھەم كۈچكە ئىگىدۇر. بىز خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى دەپ قارايدىغان بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم تەكىتلىگىنىمدەك، بىز ئىسلام دۈشمەنلىكىنى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ قارايمىز.

يۇقىرىقى پىكىرلەر بىلەن بىرگە، 77 ـ قېتىملىق ئومۇمىي مەجلىسنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە چۈشلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە مول نەتىجىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. ئۆزۈمگە ۋە مىللىتىمگە ۋاكالىتەن، ھەممىڭلارغا يەنە بىر قېتىم مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئىلكىدە سالام يوللايمەن!

خۇش ۋاخ بولغايسىلەر!

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



ساغلاملىق

# ئىچىمىزدىكى سىرلىق ئالەم

ئۈمىت ئاقتاش

# ئېچىمىزدىكى سىرلىق ئالەم

دوكتور ئۈمىد ئاقتاش

**ئېچىمىزدە شۇ قەدەر سىرلىق بىر ئالەم باركى، بىز ئەمدىلەتىن ئۇنىڭ قىسمەن سىرلىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. مەسىلەن، ئۇشبۇ سىرلىق ئالەمنىڭ بىر بۆرجىكى بولغان ئۈچىيمىزدىكى «ئېكولوگىيىلىك سىستېما» ۋە ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەردىن بەدىنىمىزگە قوبۇل قىلىنغان پروبىيوتىك (پايدىلىق باكتېرىيە)لەر ساغلاملىقىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.**

**ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەرنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىۋاتقان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**ئۇنداقتا، بىز بۇ يېمەكلىكلەر ئارقىلىق بەدىنىمىزگە قوبۇل قىلىدىغان پروبىيوتىكلەرنىڭ زادى قانداق پايدىلىرى بار؟ پروبىيوتىكلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ بىلىۋېلىشى، بىلىدىغانلارنىڭ ئېسىگە ئېلىشى تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى، «ئۆيدە ئۇيۇتقان قېتىق، ئۆيدە چىلىغان كۆكتات پايدىلىق» دەپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. بىز بۇ جۈملىنى ھەقىقىي ئاڭقىرىغاندا، يەنى ئاشۇ «پايدىلىق»نىڭ ئارقىسىدىكى مېخانىزمنى چۈشىنىپ يەتكىنىمىزدە، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي پايدىسىنى كۆرەلەيمىز. يەنى توغرا قارار چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغىنى ئىلىمدۇر.**

## ھايات ئۈچۈن پايدىلىق باكتېرىيە

**ماقالىمىزنى (ئۇيغۇرچىغا «پايدىلىق باكتېرىيە» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدىغان) «پروبىيوتىك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن باشلايلى. چۈنكى، بىر سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى بىزگە نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدۇ. «probiotic» كەلىمىسى لاتىنچىدە «ھايات ئۈچۈن» دېگەن مەنىنى؛ «antibiotic» (ئانتىبىيوتىك) بولسا «ھاياتلىققا قارشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئانتىبىيوتىكلارنى ھەركىم بىلسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پروبىيوتىكلەردىن بىخەۋەر. شۇ ۋەجىدىن، تېنىمىزدە بىز بىلەن بىللە ياشايدىغان بۇ پايدىلىق مىكروبلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكى ۋە ساغلاملىقىمىزغا قانداق پايدىلىرى بارلىقى بىلەن ئىلمىي بايقاشلار ئاساسدا تونۇشۇپ چىقىمىز.**

**بىز ئالاھەزەل يۈز تىرىليونغا يېقىن مىكروب ۋە باكتېرىيە بىلەن بىللە ياشايمىز. بەدىنىمىز بۇ جانلىقلارنى ماكان بىلەن تەمىنلەيدىغان پىلانېتقا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەدىنىمىزدىكى نۇرغۇن مۇھىم مېخانىزملار ئۇلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ.**

ئۆچەي يولىدىكى باكتېرىيە تۈپىنى ماكان تۇتقان باكتېرىيەلەر يېمەكلىكلەرنى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان «ئېلېكتر ئىستانسىسى»دۇر. ئۇلار كۆپىيەلەيدۇ، ئۆزئارا ئالاقىلىشەلەيدۇ، سىزگە قارشى ياكى سىزنى قوغداش ئۈچۈن خىمىيەلىك ئۇرۇش قوزغىيالايدۇ.

## توڭلاتقۇ كەشپ قىلىندى

توڭلاتقۇ ۋە چىرىشتىن ساقلايدىغان خۇرۇچلار يوق زامانلاردا سۈت قانداق ساقلىناتتى؟ ئەلۋەتتە، شۇ سۈتتىن قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە ئىرىمچىك ياساش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ساقلىناتتى. كۆكتاتلارمۇ سېسىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يا قۇرۇتۇپ، يا چىلاپ ساقلىناتتى. تۇرمۇشىمىزنىڭ «زامانىۋى»لىششىغا ئەگىشىپ، بىز قېتىق ئۇيۇتماس، كۆكتات چىلىماس بولۇپ كەتتۇق. يەنى ئەڭ مۇھىم پروبىيوتىك مەنبەلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

مەن سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ تېخىمۇ ساغلام ياشىتىشنى خالايدىغان، ئەمما ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيدىغان بىمارلىرىمغا ۋە ئوقۇرمەنلىرىمگە ھەردائىم: «ئالدى بىلەن ئۆيىڭىزدە قېتىق ئۇيۇتۇشنى باشلاڭ، قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىسىز» دەيمەن. شۇنداق قىلسىڭىز، سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر قەدەمنى باسقان بولىسىز.

## تەركىبىدە پروبىيوتىك مول يېمەكلىكلەر

* راكتىن قوغدايدىغان قالقاندۇر: مەن پايدىلىق باكتېرىيەلەرنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى جانلاندۇرۇپ، بارلىق كېسەللىكلەرگە ـــ راكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ـــ قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى ھەردائىم تەكىتلەپ كېلىۋاتىمەن. پروبىيوتىكلەر ئوخشىمىغان مېخانىزملار ئارقىلىق راكقا قارشى تۇرىدۇ. راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ بەدەنگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ «ئۆلۈۋېلىشى»غا سەۋەب بولىدۇ. يەنى ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق، راكقا قارشى ئۈنۈملۈك مۇداپىئە قالقىنى شەكىللەندۈرگەن بولىسىز. يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقاتتا مىكروبنىڭ راك ئۆسمىسىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. ھەتتا، ئىممۇنىتېتلىق داۋالاشنىڭ بەزى راك بىمارلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولسىمۇ، يەنە بەزى بىمارلارغا كار قىلماسلىقىنىڭ سىرى پايدىلىق باكتېرىيەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېنىقلىدۇ. بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىملار راكقا قارشى ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى قوللايدىغان داۋالاشلارنىڭ پەقەت بەزى باكتېرىيەلەر مەۋجۇت بولغاندىلا ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى، داۋالاش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىكروئورگانىزم تۈپىنى مۇشۇ خىل ئالاھىدە باكتېرىيەلەر ئارقىلىق قوللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

* قېرىشقا قارشى تۇرۇش رولى ئارقىلىق سىزنى ياشارتىپ تۇرىدۇ: ئالدىنقى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە ئېلان قىلىنغان «ئوكسىدلىنىشنى توسقۇچى كۈچلەر» ماقالىمىزدە، ھازىرغىچە بىلىنگەن ئەڭ كۈچلۈك ئوكسىدلىنىشنى توسقۇچى ماددا بولمىش گلۇتاسىيون (glutathione) ھەققىدە توختالغاندۇق.

بەدىنىمىزدىكى گلۇتاسايون سەۋىيەسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئېنېرگىيەمىز شۇنچە ئاشىدۇ، كېسەللىككە شۇنچە چىداملىق بولىمىز ۋە ئاسان قېرىمايمىز (يەنى بەدىنىمىزدە قېرىش ئالامەتلىرى شۇنچە كېچىكىپ كۆرۈلىدۇ، ت). تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، بەزى باكتېرىيەلەر ئادەم بەدىنىدىكى گلۇتاسايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن. سىز بۇ باكتېرىيەلەرنى ئۆيدە ئۇيۇتقان قېتىق، شىردان (كۆشكۈچى هايۋانلارنىڭ قېرىنىنىڭ تۆتىنچى قىسمى. ئىچكى دىۋارى ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، ت) ئېچىتقۇسى بىلەن ياسالغان ئىرىمچىك قاتارلىق ئېچىتىلغان سۈت يېمەكلىكلىرىدىن تاپالايسىز.

* بەدەن شەكلىمىزنى ئۆلچەملىك تۇتۇپ، ئېغىرلىقىمىزنى كونترول قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: مەسىلەن، ئەگەر سىز دوستىڭىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش يېمەكلىكلەرنى يېسىڭىز، پەقەت سىزنىڭ يېمەكلىكلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا ئۆيدە ئۇيۇتقان قېتىق بار بولسا، سىز ئۆيدە ئۇيۇتۇلغان قېتىقنىڭ تەركىبىدىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەرنىڭ شاراپىتىدە، دوستىڭىزدىن كۆپرەك ئورۇقلىيالايسىز. يەنى يېمەك ـ ئىچمەككە چەك قويماي تۇرۇپمۇ، نوقۇل هالدا بەدىنىمىزدىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەرنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىقلا ئورۇقلىيالايسىز. ئۈچەي يولى باكتېرىيە توپىدىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەر قانچە كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولسا، بەدەن ئېغىرلىقىمىزنى تىزگىنلىشىمىز شۇ قەدەر ئاسانلىشىدۇ. بەدىنىمىزدىكى پروبىيوتىكلار ئازايغاندا بولسا، سەمرىشكە باشلايسىز ۋە دىيابىت بولۇش خەۋپىڭىز ئاشىدۇ.

## خۇش خەۋەر

مىكروئورگانىزم توپىمىز، يەنى ئۈچەيىمىزدىكى ئېكولوگىيەلىك سىستېما خۇددى بارماق ئىزىمىزغا ئوخشاشلا سىزگە خاستۇر ۋە ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. كىشى بىلەن كىشىنىڭ مىكروئورگانىزم توپى پەرقلىق بولغىنىدەك، بىر كىشىنىڭ مىكروئورگانىزم توپىمۇ هاياتى بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۈچەيىمىزدىكى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ مۇهىم ئامىل بىز يېگەن يېمەكلىكلەردۇر.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنگە قەدەر قانچىلىك خاتالاشقان بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈندىن باشلاپ توغرا ئوزۇقلىنىشقا ۋە ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا باشلىسىڭىز، مىكروئورگانىزم توپىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ، سىز ئۈچۈن شىپا مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

تۈركچىدىن هېكمەتيار ئىبراهىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

umitaktas.com/makale/icimizdeki-gizemli-evren/




# خىتاي خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى قانداق تىزگىنلەمەكچى؟

ماركو رېسپىنتى

# ختاي خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى قانداق تىزگىنلىمەكچى؟

ماركو رېسپىنتى

**ھۆرمەتكە سازاۋەر خەلقئارالىق ئاممۋى تەشكىلات «ئەركىنلىك سارىيى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «بېيجىڭنىڭ خەلقئارالىق تاراتقۇلارغا بولغان تەسىرى 2022» ناملىق دوكلات ختاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ گېزىت، تور خەۋەرلىرى مۇلازىمەتلىرى ۋە تېلېۋىزىيە توردىن پايدىلىنىپ ئاممۋى قارار چىقىرىشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئىز قوغلاپ خاتىرىلەش جەھەتتىكى زور تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەزكۇر دوكلات «ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەردىكى تەشۋىقات ۋە نازارەت قىلىش ئۇرۇنۇشىغا ھەر يىلى مىلياردلاپ دوللار سەرپ قىلغانلىقى» توغرىسىدا يازما پاكىتلار بىلەن تەمىنلىگەن.**

<u>مەزكۇر دوكلاتتا قوللىنىلغان مېتود</u>

**دوكلاتتا قوللىنىلغان مېتود ئىنتايىن توغرا بولۇپ، «ئەركىنلىك سارىيى» بۇ دوكلاتنى تاراتقۇ ئەركىنلىكى ۋە نازارەتچىلىكى، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەردىكى تەسىرى، خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتى، ختاي دىئاسپوراسى ۋە مەزكۇر دوكلاتتا تەتقىق قىلىنغان دۆلەتلەر قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلاشقان ئاساستا روياپقا چىقارغان. مەزكۇر دوكلات تەكشۈرۈلگەن دۆلەتلەرنىڭ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ تاراتقۇلاردىكى تەسىرگە بولغان بىۋاستە ئىنكاسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ختاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ياكى تىزگىنلەش جەھەتتىكى قەبىھ ئۇرۇنۇشلىرىغا بولغان قارشىلىقى ياكى ئاجىزلىقىنى باھالاشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان قانۇن ۋە ئىجرائاتلارنى؛ ختاي ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ئىقتىسادقا سالغان مەبلىغىگە ئالاقىدار تەنقىدىي ۋە خىلمۇخىل خەۋەرلەرنىڭ دائىرىسىنى؛ ھۆكۈمەت ۋە پۇقراۋى جەمئىيەتنىڭ (Civil society ـــ ئورتاق مەنپەئەت، مەقسەت ۋە قىممەت قاراشلارنى چۆرىدىگەن ئىختىيارىي كوللېكتىپ ھەرىكەتتىن شەكىللەنگەن ئورتاق ھالەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمەتكىمۇ، كارخانىلارغىمۇ تەۋە بولمىغان ئۈچىنچى ساھەسى، ت) ساختا ئۇچۇر ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، تاراتقۇلارغا ۋە رەقەملىك ساھەگە سىڭىنغان**

مەبلەغلەرنى تەكشۈرۈش، ئاشكارىلىقنى ئاشۇرۇش، ئاخبارات ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەممىباب ۋە خىتايغىلا قارىتىلغان تەدبىرلىرىنىمۇ نەزەرگە ئالغان.

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك غوللۇق ئىستراتېگىيەسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

1. ئۆزىگە ياقىدىغان بايانلارنى تەشۋىق قىلىپ كەڭ يېيىش
2. ئوچۇق ـ ئاشكارا خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتى
3. تەكشۈرۈش ۋە قورقۇتۇش
4. مەزمۇن تارقىتىش ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى تىزگىنلەش
5. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنى ۋە ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنى يېيىش

«ئەركىنلىك سارىيى»نىڭ تەھلىلچىلىرى خۇلاسە چىقىرىشتا 150 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىككى ئاساسلىق كاتېگورىيەگە ئايرىلغان تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى ئاساس قىلغان.

بىرىنچى كاتېگورىيە «خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشى»دۇر. دوكلاتتا، بۇ جەھەتتە نۆلدىن 29 غىچە بولغان نەتىجە «تۆۋەن»؛ 30 دىن 35 كىچە بولغان نەتىجە «كۆرۈنەرلىك»؛ 36 دىن 45 كىچە بولغان نەتىجە «يۇقىرى»؛ 46 دىن يۇقىرى بولغان نەتىجە «بەك يۇقىرى» دەپ تۈرگە ئايرىلغان.

ئىككىنچى كاتېگورىيەدىكىسى، تەھلىل قىلىنغان دۆلەتلەر ئىپادىلىگەن قارشىلىق ۋە ئىنكاستۇر. بۇ ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى 65 سوئال ئارقىلىق باھالانغان.

مەزكۇر دوكلاتتا ئوتتۇز دۆلەتنىڭ ئەھۋالى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان. بۇ دۆلەتلەرنى تاللاشتا «خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشى»نىلا ئەمەس، بەلكى «دېموكراتىك مۇھىتتىكى ئىنكاس ۋە تەسىر»نىمۇ تەتقىق قىلىش ئۆلچەم قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، شۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى؛ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا ئەزا ياكى ئەمەسلىكى؛ خىتاينىڭ سودا شېرىكى ۋە مەبلەغ مەنبەسى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىق باشقا ئۆلچەملەرمۇ بار.

بۇ ئوتتۇز دۆلەت ئارگېنتىنا، ئاۋستىرالىيە، برازىلىيە، چىلى، كولۇمبىيە، فرانسىيە، گانا، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، ئىسرائىلىيە، ئىتالىيە، كېنىيە، كۇۋەيت، مالايسىيا، مېكسىكا، موزامبىك، نىگېرىيە، پاناما، پېرۇ، فىلىپپىن، پولشا، رۇمىنىيە، سېنېگال، جەنۇبىي ئافرىقا، ئىسپانىيە، سىرىلانكا، تەيۋەن، تۇنىس، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكادۇر.

بۇ دۆلەتلەر (ئاۋستىرالىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق) ئاساسلىق غەرب ئەللىرىنى، شۇنداقلا خىتاي بىلەن يەرلىك ۋە خەلقئارالىق ئالاقىسى بار دۆلەتلەر (تەيۋەن بىلەن ھىندىستان)نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزكۇر تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن كۆپ ساندىكى ئافرىقا دۆلەتلىرى خىتاي ھاكىمىيىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان پىلانلاپ كەلگەن، ھەيران قالارلىق كېڭەيمىچىلىكنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، ھەتتا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ بەزى جايلىرىدا بۇ ھەقىقىي يېڭى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## نەتىجىلەر

دوكلاتتا، نىگېرىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تاراتقۇلاردىكى تەسىرى «ئىنتايىن يۇقىرى» دەپ باھالانغان. تەيۋەندىن سىرت، بۇ دۆلەتلەردىكى تاراتقۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى دۇنيا مىقياسىدا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا خىتاي بۇ دۆلەتلەرنىڭ تاراتقۇلىرىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. تىل ئامىلىيەتتە مەزكۇر دوكلاتتا نەزەردە تۇتۇلغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرىدۇر. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە تەيۋەننىڭ خەلقئارادىكى ئىستراتېگىيەلىك رولى، شۇنداقلا بۇ جايلاردا خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تەنقىدلەرنىڭ كۆپلۈكى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئىدىئولوگىيەلىك ۋە ئىقتىسادىي مەبلەغ سېلىشىغا سەۋەب بولغان. ھالبۇكى، دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، «ئاۋستىرالىيە، تەيۋەن، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكادا يۇمشاق ۋاستىلەر ئارقىلىق كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن خىتاي يېقىنقى مەزگىللەردە بۇ دۆلەتلەرگە قارىتا تېخىمۇ جېدەلخور، پوپوزىچى ياكى خۇرپىيانە تاكتىكىلارنى قوللىنىشقا باشلىغان. خىتاي كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئىچىدە باشقا دۆلەتلەرگە قارىتامۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشى مۇمكىن».

«ئەركىنلىك سارىيى»نىڭ دوكلاتىدا يەنە خىتاينىڭ ئارگېنتىنا، ئاۋستىرالىيە، چىلى، فرانسىيە، ھىندونېزىيە، ئىتالىيە، كېنىيە، مالايسىيا، پېرۇ، فىلىپپىن، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە تاراتقۇلىرىدىكى تەسىرى «يۇقىرى» دەپ باھالانغان.

بۇ ئوتتۇز دۆلەتنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، كىشىلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تاراتقۇلاردىكى تەسىرىگە قارشى تىركىشىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى تاراتقۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزگەن. يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ تاراتقۇلىرىدىكى تەسىرى «بەك يۇقىرى»، «يۇقىرى»، «كۆرۈنەرلىك» ياكى «تۆۋەن» دېگەندەك دەرىجىلەر بويىچە باھالانغان بولسا، ئۇلارنىڭ تىركىشىش ۋە ئىنكاس دەرىجىسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالەتتە بولغان.

ھالبۇكى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ئىستىسنالارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، خىتاينىڭ تاراتقۇلاردىكى تەسىرى «بەك يۇقىرى»، «يۇقىرى» ياكى «كۆرۈنەرلىك» بولغان ئاۋستىرالىيە، برازىلىيە، فرانسىيە، پولشا، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە تۇنىس قاتارلىق بەزى دۆلەتلەردىكىلەرنىڭ تىركىشىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسرائىلىيە بىلەن كولۇمبىيە تاراتقۇلىرى خىتاينىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تىركىشىش/ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى «ياخشى» ياكى «بەكلا ياخشى» بولغان.

بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئارگېنتىنا، كېنىيە، كۇۋەيت، مالايسىيا، موزامبىك، نىگېرىيە، پاناما، پېرۇ، سېنېگال ۋە سىرلانكا قاتارلىق بەزى دۆلەتلەرنىڭ تىركىشىش/ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولغان. بۇ مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ تاراتقۇلىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن مۇستەقىللىقنىڭ يېتەرسىزلىكىگە، ياكى خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا ئىشلەتكەن نەيرەڭلىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىكىگە، شۇنداقلا پۇقراۋى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك پىشىپ يېتىلەلمىگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

## تېزلىتىلگەن كەڭ كۆلەملىك مۇجادىلىلەر

تەھلىل قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تۈرتكىسىدە، مەزكۇر دوكلاتتا شۇنداق يەكۈن چىقىرىلغان: «خىتاي ھۆكۈمىتى شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاراتقۇلارغا ۋە خەۋەر ئىستېمالچىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك مۇجادىلىلىرىنى تېزلەتمەكتە. گەرچە بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە ئەنئەنىۋى ئاممىۋى دىپلوماتىيە قوراللىرى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە يوشۇرۇن، مەجبۇرلىغۇچى ۋە بۇزغۇنچى ۋاستىلەر قوللىنىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارغانسېرى كۆپلىگەن دۆلەتلەر خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىغا راۋۇرۇس قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ تاكتىكىسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا مۇرەككەپلەشكەن، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلاشقان ۋە بايقاش تەسكە توختىغان.»

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرى «خىتايغا، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە ياكى دىپلوماتىيە كۈنتەرتىپلىرىگە ياقىدىغان بايانلارنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشنى؛ خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى ھەرقانداق سادالارنى، ئۆتكۈر سىياسىي باھالارنى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى سەلبىي تەرزدە كۆرسەتكەن تاراتقۇ خەۋەرلىرىنى چەكلەشتۈرۈش، قارىلاش ياكى تامامەن باستۇرۇش جەھەتتىكى تېخىمۇ ئەسەبىي ئۇرۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

لېكىن، مەزكۇر تەتقىقاتتا خىتاينىڭ «تېخىمۇ خەتەرلىك ئۈچۈر تارقىتىش ئەندىزىسى» بايقالغان. ھەر بىر دۆلەتتە خىتاي دىپلوماتلىرى ياكى دۆلەت تاراتقۇلىرى چەتئەل پۇقرالىرىنى قايمۇقتۇرۇش ياكى خىتايغا قارىتىلغان تەنقىدلەرنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن، تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى، مەلۇم ۋاكسىنىنىڭ ئۈنۈمى ۋە خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيەپەرەس نامايىشلار قاتارلىق تېمىلاردا يالغان ياكى ئازدۇرغۇچى مەزمۇنلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بازارغا سالغان. شۇنداقلا، خىتاي يەنە سىستېمىلىق ھالدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلققە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىنى ۋە خەلقئارالىق قانۇنلارغا خىلاپ قىلمىشلارنى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ۋە ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئاخىرىدا، خىتاينىڭ دۆلەتكە باغلىنىشلىق گۇماشتىلىرى شۇ جايدىكىلەرنىڭ خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى، يوشۇرۇن قەرزى ياكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە بولغان ئەندىشىسىگە «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى تەپەككۇرى»نىڭ ياكى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «خىتاينى چەكلەش غەرىزى»نىڭ مەھسۇلى دەپ جار سېلىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

## خىتاينىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى داۋاملاشماقتا

مەزكۇر دوكلاتنىڭ تەتقىقات مۇددىتى بولغان ئۈچ يىل مابەينىدە، دېموكراتىك ئەللەرنىڭ خىتايغا بولغان قارشىلىقى خېلىلا كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. دەرۋەقە، مەزكۇر دوكلاتتا «تەتقىق قىلىنغان بارلىق دۆلەتلەردىكى ئاخباراتچىلار، ئوبزورچىلار، پۇقراۋى تەشكىلاتلار، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، تېخنىكا شىركەتلىرى ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغان. كۆپىنچە دۆلەتلەردە يەرلىك تاراتقۇلار ۋە پۇقراۋى جەمئىيەت بۇ خىل قارشىلىقنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنداقتىمۇ، خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش مۇجادىلىسى يەنىلا «نۇرغۇن دۆلەتلەردە خىتايغا ئائىت تەنقىدىي خەۋەر ۋە ئوبزورلارنى چەكلەش، خىتاي تىلىدىكى تاراتقۇلارنى كونترول قىلىش ۋە بۇ خىل كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ئاساس سېلىش جەھەتلەردە ئۇتۇق قازاندى».

كىشىنى ئالاھىدە تەشۋىشكە سالىدىغىنى شۇكى، مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتلىرى ئارىسىدىكى 18 دۆلەتتىكى، ئېلان كىرىمىدىن مەھرۇم قېلىش، خىتايغا كىرەلمەسلىك ياكى (خەۋەر مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان) خىتاي دىپلوماتلىرى بىلەن ئۈچرىشالماسلىق، خىتايدىكى تۇغقانلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ياكى قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەتكە زىيان يېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن ئاخباراتچىلار ۋە ئوبزورچىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنى غەزەپلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن بولغان تېمىلارنى خەۋەر قىلىشتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرگەن ياكى تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولغان.

دوكلاتتا يەكۈنلىنىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى يەرشارى مىقياسىدا ئۆزىنىڭ تاراتقۇ ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرغان. يېقىنقى مەزگىللەردە، خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ رېئاللىقنىڭ «خىتايچە» ۋارىيانتىنى بازارغا سېلىش ۋە (خىتايغا قارشى) تەنقىدىي خەۋەرلەرنى باستۇرۇش جەھەتتىكى تاكتىكىلىرى تېخىمۇ پىششىپ يېتىلگەن ۋە مەجبۇرىيلاشقان. «ئەركىنلىك سارىيى»نىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنىڭغا ھۆكۈمەتلەرنىڭ (خىتاينىڭ تاراتقۇ مۇداخىلىسىگە قارىتا) ئىنكاسچانلىقىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدىن مەنبەلەنگەن ئاجىزلىقى ياكى مەسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى قوشۇلغان. شۇنداقلا، دېموكراتىك ئەللەرنىڭ خىتاينىڭ تاراتقۇلاردىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بەكلا تەكشىسىز. دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك قارشىلىقى «يەكدىل ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان» بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخىچە ئىشقا ئاشقىنى يوق.

ھازىرغا قەدەر، خىتاينىڭ ساختا خەۋەر ياساپ بازارغا سالىدىغان نومۇسسىز تاكتىكىسى ئاشكارا ئەيىبلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي تاراتقۇدىن ئىبارەت قاراقسىز قالغان بۇ ئۇچۇر يايلىقىدا «ئۆزى خان، ئۆزى بەگ» ھالەتتە خالىغانچە سەيلە قىلماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://bitterwinter.org/how-china-hijacks-the-global-media/



# چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل سىياسىتى

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل سىياسىتى

(بېشى ئالدىنقىساندا)

ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، رايون خەلقى بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولغان ئەندىجان (قوقەند) خەلقىگە بىر قاتار چەكلىمىلەر قويۇلغان. مەلۇم بولغىنىدەك، **1824** ـ يىلى باشلانغان جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى **1765** ـ يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن تاكى شۇ دەۋرگىچە مەزكۇر رايوندا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم قوزغىلاڭدۇر. بۇ قوزغىلاڭ جەريانىدا، جاھانگىر خوجا قوقەند خانلىقىدىن يولغا چىقىپ، ئارتۇش (بۈگۈنكى ئاتۇش)نى قولغا كىرگۈزگەن، قەشقەر، ياركەنت، يېڭىھىسار ۋە خوتەن شەھەرلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشقان. كەڭ كۆلەملىك بۇ قوزغىلاڭ تۆت يىل داۋاملاشقان. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ، كونا تەدبىرلىرىگە قاراپ چىققان. چىڭ سۇلالىسى بۇ قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈشتە رايوندىكى ئەمەلدارى نا يەنچېڭنىڭ دوكلاتىنى ئاساس قىلغان (368). نا يەنچېڭنىڭ دوكلاتىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتسەك، ئۇنىڭ بۇ رايوندا ئىلگىرى بېكىتىلگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلىنمىغانلىقىنى ۋە بۇ قانۇنلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇ ۋەجىدىن، ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ، نا يەنچېڭنىڭ دوكلاتلىرى ۋە قوبۇل قىلىنغان تەۋسىيەلىرى ھەرۋاقىت كونا قانۇنلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىش ۋە (قانۇنلارنىڭ ئىجرائات ئەھۋالىنى) تېخىمۇ چىڭ نازارەت قىلىشقا ئالاقىدار بولۇپ كەلگەن.

بۇ رايوندىكى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىغا ئوخشاش مۇھىم ئامىللاردىن بىرى، ئۇنى قوللىغان قوقەند خانلىقىدۇر. قوقەند خانلىقى 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن بۇ رايوندىكى سىياسىي ۋە سودا نوپۇزىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشقا باشلىغان. **1796** ـ يىلى قوقەندلىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىشنى تەلەپ قىلغان پادىشاھ پەرمانى ئېلان قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنىلا قوقەند خانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. **1829** ـ يىلغا كەلگەندە، قوقەند خانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى سەۋەبىلىك بەكلا كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بۇ سەۋەبتىن، **1829** ـ يىلىدىكى پەرماندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەندلىكلەرنىڭ نوپۇس ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، شۇ

**ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن قوقەندلىكلەرنىڭ تويى قىلىشىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز تىزگىنىدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ھادىسە دەپ قاراپ، بۇ خىل تويى توغرىسىدىكى چەكلىمىلەرنى ئېغىزدا قاتتىق ئىجرا قىلىشقا ئۆرۈنغان.**

**يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بۇ خۇسۇستىكى يەنە بىر چەكلىمە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايلار، ھەتتا تۇڭگانلار بىلەن تويى قىلىشىغا قارىتىلغان. بۇ ھەقتىمۇ، نا يەنچېڭنىڭ ئوردىغا سۇنغان دوكلاتلىرىدا ئېنىق مەلۇماتلار بار. نا يەنچېڭ دوكلاتتا تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن:**

* ئىچكىرى (خىتاي ئۆلكىلىرى)دىن مۇسۇلمانلار رايونىغا كەلگەن خىتايلارنىڭ بۇ يەرگە سودا ئۈچۈن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى ھازىرغىچە تەكشۈرۈلمىگەن. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانۇنسىز ئۆنسۇرلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس. ئائىلىسىز بۇ قاراقچىلار ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىمەيدۇ، كېچىنى ھەرقانداق جايدا ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا كىرىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكىرىدىن مۇسۇلمان زېمىنىغا كەلگەن خىتايلار ئارىسىدا، ئىجازەتنامىسىدە يېشى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى، كەسپى ئېنىق يېزىلمىغان ياكى يېنىدا قانۇنىي ھۆججىتى يوقلار دەرھال يۇرتىغا قايتۇرۇلسۇن ۋە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانلار جازالانسۇن.

* ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىشسىز تۇڭگانلار ئۆزىنى مۇسۇلمان رايونىنىڭ ئەسلى ئاھالىسىدەك كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ، مۇسۇلمان قىزلارنى ئالماقتا. (بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىچىدىكى) ساددا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ موللا بولۇۋالغانلارمۇ يوشۇرۇنلەي ساتقۇنلاردۇر. ئەمدى قانۇنلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋاقىت كەلدى. چوقۇم مۇشۇ قانۇنلارغا بىنائەن چەكلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكىرىدىن مۇسۇلمانلار رايونىغا بارىدىغان تۇڭگان سودىگەرلىرى ۋە ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىدا تۇرغان ۋاقتىدا سېپىل (سەددىچىن)نىڭ سىرتىغا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەتنامە ئېلىشى كېرەك. بۇ ھۆججەتكە ئۇلارنىڭ يېشى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى، كەسپى ئېنىق يېزىلىشى، يوللاردا تەكشۈرۈلۈشى ۋە ئۇلار بارماقچى بولغان شەھەرگە بارغاندا بۇ ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ تىزىملىتىشى كېرەك. قايتىدىغان چاغدىمۇ چوقۇم (سەددىچىننىڭ ئىچىگە) كىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشى كېرەك. بۇ رەۋىشتە، ئېقىپ يۈرگەن تۇڭگان نوپۇسىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر رۇخسەتسىز ھالدا مۇسۇلمان قىزلارغا ياتلىق بولغانلار بايقالسا، يېڭى قانۇن بويىچە جازالانسۇن (369).

**پادىشاھ داۋ گۇاڭمۇ يۇقىرىدىكى دوكلاتقا بىنائەن مۇنداق بىر پەرمان چۈشۈرگەن:**

نا يەنچېڭنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئەسكەرلەر، دېھقانلار، سودىگەرلەر ۋە تۇڭگانلارغا ئالاقىدار بەزى قانۇنلار ۋە بۇلارنىڭ ئىجرائاتى ھەققىدىكى دوكلاتى ئوقۇلدى. دوكلاتتا ... چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى ئىچىدە (چىڭ زېمىنىدا) ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئەندىجانلىقلارنىڭ نوپۇسىنى ھەرئايدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش، مۇسۇلمانلار بىلەن توي قىلىشنى چەكلەش ۋە مۇسۇلمان قىزلارنىڭ مانجۇ شەھەرلىرىگە يوشۇرۇن ئاپىرىلىشىنى قاتتىق چەكلەش ... ھەمدە ئىچكىرىدىن كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ موللا بولۇۋېلىش ۋە رۇخسەتسىز ھالدا مۇسۇلمان قىزلارغا ياتلىق بولۇش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ماددىلار ئورۇن ئالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆز پېتى قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمان موللىلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تالالاش، ئەسكەرلەرنىڭ مۇسۇلمان يېزىلىرىغا مەخپىي كىرىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنى چەكلەش ... خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان زېمىنىغا مەخپىي كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئۆز پېتى قوبۇل قىلىندى. بۇلارنى جاكارلاش ۋەزىپىسى جالوڭاغا تاپشۇرۇلسۇن. بۇ (يارلىق) چۈشىنىشلىك ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىنىپ، بارلىق شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلار، سودىگەرلەر ۋە باشقىلار بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغاي. ئەگەر جىنايەتچىلەر بار بولسا، بۇ قائىدىلەر بويىچە تەدبىر قوللىنىلغاي. بۇ خۇسۇس جالوڭا، ئىئىرغۇلۇن ۋە ئىسايىكىغا بىلدۈرۈلگەي (370).

**كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، خىتايدىن بۇ رايونغا كەلگەن خىتاي ياكى تۇڭگان سودىگەرلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنماستىن، ھەر ئىككىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئايرىم تائىپە دەپ قارالغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ يەرلىك كىشىلەر بىلەن توي قىلىشى ياكى رايوندا قانۇنسىز ئولتۇراقلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇلغان. شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ئۇرۇش نەتىجىسىدە قولغا كىرگۈزۈلگەن ۋە زور كۆلەملىك ئىسيان يېڭى باستۇرۇلغان رايون (يەنى شەرقىي تۈركىستان)دا يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىماسلىق ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوساللاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك چەكلىمىلەر ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.**

**يەنە بىر تەرەپتىن، تۇڭگانلارنىڭ بۇ يەردە ئۆزىنى دىنىي ئالىم سىياقىدا كۆرسىتىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى سۈيئىستېمال قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ۋە بۇنداق قىلىش چەكلەنگەن. بۇنىڭدىن ھەم كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتايدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ يەردە مۇشۇ خىل قىلمىشلار ئارقىلىق بىر قاتار پايدىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان (371). بۇلارنى تىزگىنلىمەسلىك رايوندا يېڭى بىسەرەمجانلىققا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، تۇڭگانلارغىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىدىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىنغان.**

**خۇلاسە سۈپىتىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل سىياسەتلىرىنى بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى رايوندىكى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئايرىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارايتتى. بۇ سىياسەتلەر ئايرىم شەھەر قۇرۇش، يەرلىك خەلق ۋە ھۆكۈمرانلارنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ ۋە تويلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەدبىرلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئۆز كىملىكىنى قوغداشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن بۇ رايوندا خىتاي تىلى ئۆگىنىشنى چەكلەپ، مانجۇ تىلى ئۆگىنىشكە ۋە مانجۇچە ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇ تەرزدە بۇ رايوندا ئۆزىنى قوللايدىغان ھاكىمىيەت سىنىپى شەكىللەندۈرۈشكە، شۇنداقلا ئۇلارغا بىر قاتار ئىپتىخارلىق ۋە ئۈستۈن ماقام سىمۋوللىرىنى بېرىشكە كۆڭۈل بۆلگەن.**

**چىڭ سۇلالىسى قەشقەر رايوندا قۇرغان مەمۇرىي تەشكىلاتقا ھەمدە يولغا قويغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈرەل سىياسەتلىرىگە نەزەر سالساق، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، شەرقىي تۈركىستان ۋە قەشقەر رايونى چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي بولغاچقا، بارلىق سىياسەتلەر خانلىقنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئاساس قىلغان. مەركەزدىن يىراق بولغان بۇ رايوندا كۈچلۈك ھەربىي سىستېما قۇرۇشقا بىخەتەرلىك ئەندىشىسى سەۋەب بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە شۇ خىل بىخەتەرلىك ئەندىشىسى تۈپەيلى بىر قىسىم كونا تەدبىرلەر داۋاملاشتۇرۇلغان، ئەمما خانلىق بۇلارغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. بەگلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلارغا قاراشلىق قىلىنىشى ۋە رايون پۇلى بولغان «پۇل»نىڭ داۋاملىق ئىشلىتىلىپ، ئۇنىڭغا «چيەنلوڭ ئاقچىسى» (乾隆通宝) دەپ يېزىلىشى بۇ تەدبىرنىڭ مىساللىرىدىندۇر. بۇنىڭدىن سىرت، سودىغا ھەمدە خەلقلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىغا چەك قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ھەم بۇ رايوننى دۇنيادىن، ھەم رايون ئىچىدىكى شەھەرلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەن. شۇ تەرىقىدە، قەشقەرنىڭ رايونلۇق ۋە رايونلارئارا سودىسى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تەدرىجىي ئازىيىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قەشقەر ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىشقا باشلىغان.**

**«تارىخنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن 19-ئەسىردىكى قەشقەر» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى**

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.



# شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكاغا قارشى مۇجادىلىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى

ئىئان ئېستون

# شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكاغا قارشى مۇجادىلىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى

ئىئان ئېستون

بىر مەزگىلدىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمدارى ئامېرىكانى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بەرپا بولۇشىغا ئامېرىكا كۈچ چىقارغان ئەركىن دۇنيا تەرتىپىنى ۋەيران قىلىش توغرىسىدا توختالماقتا. بايقالغان ھۆججەتلەر ۋە ئەزەلدىن تەرجىمە قىلىنىپ باقمىغان نۇتۇقلار شى جىنپىڭنىڭ غەرىزىنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

بەش يىل ئىلگىرىكى كۈزدە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ بۇ قۇرۇلتاينىڭ شەنگە خەلق سارىيىدا ھاياجانلىق نۇتۇق سۆزلىدى، ئېخىمۇ توغرىسى ئالدىن تەييارلىنىۋالغان نۇتۇق تېكىستىنى ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئوقۇپ بەردى. كەسپىي ئاتالغۇلار ۋە ئېغىر جۈملىلەرگە تولغان بۇ نۇتۇقنىڭ ئارىسىغا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇنداق بىر جۈملە سۆز يوشۇرۇنغانىدى: «خىتاي كومپارتىيىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيەنىڭ ئالىي غايىسى ۋە ئاداققى نىشانى بولۇپ كەلدى.»

كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا يەنە بىر مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى: «گەرچە دۇنيا مىقياسىدىكى سوتسىيالىزم تەرەققىيات جەريانىدا ئەگرى ـ توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۆزگەرگىنى يوق. بىز شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، كوممۇنىزمنىڭ ئىشقا ئېشىشى تارىخىي جەرياندا روياپقا چىقىدىغان نىشاندۇر. ئۇ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ ئىشقا ئاشىدۇ، يەنى ھەر باسقۇچتا بىر قەدەم بېسىلىدۇ ... بىز پۈتكۈل ھاياتىمىزنى كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئاتىشىمىز كېرەك.»

2018 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جۈمە، خىتاي كارل ماركس «تەۋەللۇتى»نىڭ 200 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى دەبدەبىلىك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ماركسنىڭ ئىككى تونىلىق ئېگىز مىس ھەيكىلىنى ياساشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ ھەيكەل قوللىرىدا بايراق تۇتۇۋالغان يۈزلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شادلىق تەنتەنىسى ئىچىدە ماركسنىڭ يۇرتىغا، يەنى گېرمانىيەنىڭ ترىئېر (Trier) شەھىرىگە تىكلەندى.

كارل ماركس «كومپارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ (Manifest der Kommunistischen Partei) ئاپتورلىرى بىرىدۇر. مەزكۇر خىتابنامە ئائىلە، دىن، دېموكراتىيە، ئەركىن بازار، ھەتتا دۆلەت تۈزۈلمىسىگىمۇ قارشى ئەسەردۇر. مەزكۇر خىتابنامە ئۆز مۇرتلىرىنى ھۆكۈمەتنى زوراۋانلىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «مۇستەبىت ۋاستىلەر» ئارقىلىق بارلىق ھوقۇقنى دۆلەتنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرىدىغان يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىشقا ئۈندىگەن. ماركسنىڭ خىتابنامىسى 1848 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى «كوممۇنىستىك بىرلەشمە» دېگەن مەخپىي جەمئىيەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر خىتابنامە ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ۋە تارقىتىلىپ، ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان بىر پارتىيەلىك دىكتاتۇرا ھاكىمىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە تۈرتكە بولغان. 1917 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشلاپ، كوممۇنىزم ئافغانىستان، كونگو، كۇبا، شىمالىي كورىيە قاتارلىق ئەللەردە، شۇنداقلا خىتايدا يىلتىز تارتتى.

شى جىنپىڭ ماركسنى كۆپ قېتىم «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر» دەپ ئاتىدى.

1999 ـ يىلى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى «كوممۇنىزمنىڭ قارا تاشلىق كىتابى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى. مەزكۇر كىتابتا مۆلچەرلىنىشچە، ماركستىن ئىلھام ئالغان ھاكىمىيەتلەر 20 ـ ئەسىردە تەخمىنەن 100 مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى خىتايدا يۈز بەرگەن. گەرچە تالاپەتنىڭ ھەقىقىي دەرىجىسىنى مەڭگۈ ئېنىق بىلگىلى بولماسلىقى مۇمكىن بولسىمۇ، يېقىنقى تەتقىقاتلار (كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتلەرنى زىيانكەشلىكى ئاستىدا) ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 150 مىليونغا يېتىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئىگىلىنىشچە، كامبودژادىكى كوممۇنىست دىكتاتور پول پوت دۆلەت نوپۇسىنىڭ كەم دېگەندە يىگىرمە پىرسەنتىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى پەۋقۇلئاددە ۋەھشىي قىيناشلارغا ئۇچرىغان.

## رىۋايەت ۋە ھەقىقەت

ئۆتكەن ئون يىلدا، شى جىنپىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى ۋە بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ماركسىزمغا بولغان تونۇشىنىڭ ساپلىقىنى، ھەتتا لېنىن ۋە ماۋ زېدوڭنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمنىڭ بىردىنبىر ھەقلىق داھىيسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەگەر شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرى سىزگە كونا ۋە ئانچە ـ مۇنچە بىمەنە تۇيۇلغان بولسا، بۇ دەل خىتاينىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتى كۆتكەن نەتىجىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، باشقا دۆلەتلەرنى «ماركسىزم ۋە لېنىنىزم ئاللىقاچان ئۆلدى، خىتاي ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا تەرتىپكە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىپ، <مەسئۇلىيەتچان ئىشتىراكچى>غا ئايلىنىدۇ» دېگەن قاراشقا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن

جان ـ جەھلى بىلەن كۆچىدى. بۇ خىل رىۋايەتكە كۆرە، ماۋ زېدوڭدىن كېيىنكى خىتاينىڭ ھېكايىسى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى تېما قىلغان ھەمدە بۇ تەدرىجىي ئېچىۋېتىش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بىر كۈنلەردە خىتاينى ئەركىن بازىرى بار كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئىسلاھاتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ھالبۇكى، شى جىنپىڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلار خىتاي تىلىدا تامامەن باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ كەلدى ۋە كومپارتىيە مۇرىتلىرىنىڭ نۇرغۇنى بۇ سۆزلەرگە چىنپۈتتى. بۇ سۆزلەردىن بەزىلىرى شۇلاردۇر: خىتاي (مەۋجۇت سىستېمىغا) سىڭىپ كىرمەيدۇ، ئەكسىچە باشقىلارنى (ئۆز سىستېمىسىغا) سىڭدۈرىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇرچى خەلقئارا سىستېما تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا كىرىش ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇشقا يېتەرلىك نوپۇز تىكلەش، ئاندىن بۇ سىستېمىنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدە قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭدىن بۇيانقى خىتاي ھۆكۈمدارلىرى يەرشارىۋى سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى «ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش» دەپ ئاتىدى. شى جىنپىڭ ئىدىيەسى ئۆگىتىلىدىغان دەرسلىكلەردە بۇ جەريان مۇنداق سۈپەتلەنگەن: «ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى خىتاي خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىكتۈرىدۇ ـ دە، ئۇلار ئورتاق نەرسىگە ئايلىنىدۇ». باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارايدىغان سىستېمىسىنى پۈتكۈل دۇنياغا يېيىشنىڭ كويىدا.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئۇلۇغ پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى تەلقىن قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى ئەڭ دەبدەبىلىك داستان كەبى ۋەقەدە، يەنى يەرشارىدا مۇكەممەل جەمئىيەت ۋە جەننەت بەرپا قىلىش كۈرىشىدە رول ئېلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خادىملىرىغا تارقىتىلغان، شى جىنپىڭ ئىدىيەسى توغرىسىدىكى «خىتايچە بۈيۈك كۈچ دىپلوماتىيەسى» دېگەن دوگما مەشىق قوللانمىسىدا، خىتاينىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى ۋە چوقۇم غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. مەزكۇر قوللانمىدا كۆرسىتىلىشىچە، شى جىنپىڭ شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: «كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلماي تۇرۇپ، يەر شارىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى يەرشارىنى باشقۇرۇشتىكى غەربنىڭ تەپەككۇرىدىن ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن ھالقىغان ئىجادىي يولدۇر.»

2020 ـ يىلى، خىتاينىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىتايچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى توغرىسىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر» ناملىق يېڭى دەرسلىكنى ئېلان قىلدى. بۇ

دەرسلىك ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنمىدى، ئەمما خىتايچە ئەسلى نۇسخىسىدا نۇقتىئىينەزەرلەر تولىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان.

نۇرغۇن جەھەتلەردە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى كوممۇنىست خىتايدىكى «ئالىي چېركاۋ»دۇر. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىلكىدە پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدىكى 3000 غا يېقىن تەربىيەلەش مەركىزىدىن (يەنى ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە مەكتەپلىرىدىن) تەشكىل تاپقان كەڭ تور بار. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار يەرلىك ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە شىركەتلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرى ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى. بۇ مەكتەپتە دەرىجىدىن تاشقىرى سەرخىللار ئەڭ مۇھىم كۈچ قاتلىمى ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلىنىدۇ. بېيجىڭدىكى يىخېيۈەنگە يېقىن يەرگە جايلاشقان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى خىتاي كومپارتىيەسى كەلگۈسىدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىدىيە ئوچىقىدۇر. مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇھىملىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، ماۋ زېدۇڭ بىلەن خۇ جىنتاۋ ئىككىلىسى ئالىي رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرى بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغان. شى جىنپىڭمۇ ئوخشاش يول تۇتقان بولۇپ، ئۇ 2007 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى 2012 ـ يىلغىچە، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىسى بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان.

مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ يېڭى دەرسلىك كىتابىدا يەر شارى ئىقتىسادى ۋە يەر شارى بازىرىنىڭ چوقۇم دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر دەرسلىكتە تۆۋەندىكىلەر ھەقىقىي ماركسىزمچى تەرزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: خىتاينىڭ ئۆز بۇرچىنى تاماملىشى ئەركىن بازار كاپىتالىزمىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ تالان ـ تاراج تىپىدىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئەندىزىسىنى يايىدۇ ۋە «بازار بىلەن دۆلەت ئورگانىك رەۋىشتە بىرلىشىپ كېتىدۇ». شەخسىي ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئۇللۇق كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى (popular sovereignty) قاتارلىق ئۇقۇملارمۇ سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئۇنىۋېرسال قىممەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، بارلىق كۈلتۈر ۋە ئىرقلارنىڭ «يۇغۇرۇلۇپ» كېتىشى ۋە خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خۇسۇسىيەتداش كوللېكتىپقا ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان.

شى جىنپىڭ ئىدىيەسىگە ئالاقىدار بۇ دەرسلىك كىتابتا قەتئىي تەرزدە: «ئىنقىلاب ھەممىدىن ئۈستۈن غايىدۇر» دېيىلگەن. مەزكۇر كىتابتا يەنە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ «ئۆز سىستېمىسىنى دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىش» ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىپ شۇنداق دېيىلگەن: «ماركسىزمچى پارتىيەنىڭ تۈپ بۇرچى ۋە غايىسى كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئۇشبۇ مۇقەددەس بۇرچ ۋە غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا ئىش بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىختىكى ئەڭ مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ.»

ئەگىلىنىشچە، خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياستى ۋە چەتئەلدىكى بارلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەتلىرىگە ــــ خىتاي كومپارتىيەسى بۇ دۇنيادا قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلار ۋە ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسىلەرگە ــــ مۇشۇ تەسەۋۋۇر يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت تىنىمسىز ئۆتمەكتە. خىتاي كومپارتىيەسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغان 2049 ـ يىلىغا بارغاندا قارىماققا مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كويىدا. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەشىق قوللانمىسىدا بۇ نىشاننىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىپ شۇنداق دېيىلگەن: «بىز خىتاي چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ‹ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى›نىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.»

بۇ ئامېرىكا ۋە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە نىشاندۇر. ئەگەر خىتاي كومپارتىيەسى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، ئامېرىكا ئەركىن ۋە ئەگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالمايدۇ. دۇنيا بىر پارتىيەلىك مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ توپىلاشتۇرۇلغان تورى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. خىتاي دۇنياغا خوجا بولىدۇ، دېموكراتىيە ھالاك بولىدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ ئەسىرى شۇنى سەممىزگە سالىدۇكى، بەزى كۆچلۈك رەھبەرلەر ئامېرىكانىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىستېمىسىنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن ئۆستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئامېرىكا تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك تەسىرىنى كۆرمەسكە سېلىش خاھىشىنى ئېنىق ئېپادىلىدى. بىزنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي رەھبەرلىرىمىز ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ (كوممۇنىزم ئىدىئولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) تۈرتكىلىرىگە يۈكسەك كەسپچانلىق روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ھەرگىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى ئەرزىمەس نەرسە سۈپىتىدە نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك. ئەركىن تەرتىپنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئامېرىكادىن خىتاينىڭ دۇنيا قارىشىنى نەزەرگە ئېلىشنى؛ شۇنداقلا تېخىمۇ ئاقىلانە ۋە پرىنسىپال تاشقى سىياسەت بېكىتىش ئۈچۈن شۇنىڭغا ماس ھالدا تەدبىر قوللىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىغا خۇش كەلدىڭىز! شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى خادىملىرىغا قىلغان ئىچكى سۆزىدە ئېيتقىنىدەك: «ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشتە، مۇرەسسەگە ياكى چېكىنىشكە ئورۇن يوق، بىز چوقۇم ئومۇمىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2022/09/xi-jinpings-endgame-for-america/



# شەيخ ھەببۇللا غازى خەلىپە ئوغلى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# شەيخ ھەبىبۇللا غازى خەلپە ئوغلى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەد نىياز

**ھەبىبۇللا قارى بەدۆلەت ياقۇپبەگنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قوقان خانلىقىغا پاناھلىق تىلەپ قاچقان پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى خەلپە داموللام ئەينى چاغدىكى بۇخارا ئۆلىمالىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيلۇق زات ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ھەبىبۇللا قارى 20 ـ ئەسىر كىرىش ھارپىسىدا بۇخارا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.**

**بۇخارا شەھرى 1711 ـ يىلىدىن تاكى 1868 ـ يىلى چاررۇسىيە تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى كاۋفمان تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەنگە قەدەر بۇخارا خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. 1878 ـ يىلى خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى مەنچىڭ خانلىقى بىپايان مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىنى تولۇق ئىشغال قىلغان چاغدا، يەنە بىر جاھانگىر چارروسىيەمۇ غەربىي تۈركىستاننى ئاساسەن تولۇق ئىشغال قىلىپ بولغان ئىدى. گەرچە خىۋە، قوقان ۋە بۇخارا خانلىقلىرى خۇددى قەشقەرىيە ۋە ئىلى سۇلتانلىقلىرىغا ئوخشاشلا ياۋلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھەر ھالدا غەربىي تۈركىستاندىكى ئۈچ خانلىق قەشقەرىيە ۋە ئىلىدىن تەلەيلىكراق ئىدى. چۈنكى ئورۇسلار قوقان خانلىقىدا پەرغانە ئۆلكىسىنى، خىۋە خانلىقىدا خارەزىم ئۆلكىسىنى قۇرۇپ، يەرلىك تۈركىي خەلقلەرگە يەنىلا قىسمەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بېرىپلا قالماي، بۇخارانىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. قەشقەرىيە ۋە ئىلىدا بولسا، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى پۈتۈنلەي مانجۇ ۋە خىتاي مىللىتىدىن بولغانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئىلى ۋە قەشقەرىيەدە خوجايىن مىللەت ئۇيغۇرلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا خۇددى ئاققۇنلار، ھەتتا جىنايەتچىلەردەك مۇئامىلە قىلىنغان ئىدى. مەدرىسلىرى تاقىۋېتىلىپ، ئورنىغا خىتايچە ئۆگىتىلىدىغان شۆتاڭلار ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلار يېتىم باللارنى بېقىۋېلىپ، ئاشۇ باللارنى شۆتاڭغا بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنى خىتايچە مائارىپنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قالغان ئىدى.**

**ھەبىبۇللا قارى تېخى ئون ياشقا كىرمەستە «ئاسىيادىكى يېڭىلمەس كۈچ چارروسىيە» يېڭىلا باش كۆتۈرگەن ياپونىيە پادىشاھلىقى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئېغىر بېسىمدا قالغان ئىدى. شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە جاھانگىر چارروسىيە تىنچ ئوكيان فلوتى ۋە بالتىق دېڭىزى فلوتىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. جۈملىدىن**

سادىر پالۋان ۋە ئىلى سۇلتانلىقى ئەسكەرلىرىنىڭ تۆرلۈك رەسىملىرىنى سىزغان داڭلىق ئورۇس رەسسامى ئەنە شۇ ياپونىيە ـ چارروسىيە ئۇرۇشىدا جېنىدىن ئايرىلغان ئىدى. شۇ قېتىم مەغلۇپ بولغانلار ئىچىدە يەنە 1877 ـ يىلى فېۋرالدا كورلىدا بەدۆلەت بىلەن چىگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى چارروسىيە تۈركىستان گوبېرناتورى گېنېرال كوروپاتكىنمۇ بار ئىدى.

1904 ـ 1905 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن يىراق شەرقتىكى چوڭ مەغلۇبىيەت پايتەخت پېتوگراتتا كەڭ كۆلەملىك ئىشتاشلاش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. ساقچىلار ئۇلارغا ئوق چىقارغاچقا، پۈتۈن خەلق كوچىلارغا چىقىپ نارازىلىق نامايىشى قوزغىغان. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى چارپادىشاھ نىكولاي ئىككىنچى چارروسىيە تەۋەسىدە ئىجابىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئاۋامغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىشقا ۋەدە بېرىپ، نامايىشنى ئاران توختاتقان. ئەنە شۇ ياخشى سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە بۇخارامۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان. 1906 ـ يىلدىن باشلاپ بۇخارا شەھرىدە ھەبىبۇللا قارىنىڭ دادىسى ۋە سەپداشلىرىنىڭ قوللىشىدا ئىسمائىل غاسپىرالى قىرىمدا باشلىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى قوبۇل قىلىنىپ، بۇرۇنقى كونا ۋە قالاق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئورنىغا يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ئەمەلىي سىنالغان. ئىككى يىلدا ئاران ساۋادى چىقىدىغان بالىلارنىڭ ئىككى ھەپتىدىلا ساۋادى چىققانلىقىدىن ھەيران قالغان بۇخارا ئەمىرى ئىسمائىل غاسپىرالىغا بۇخارا تەۋەسىدىكى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلىشنى ئۆتۈنگەن.

تۈركىستاندىكى كەڭ قورساقلىقىنىڭ ئۆزى كۆتكەندىنمۇ ئەمەلىي ئۈنۈم بەرگىنىنى ھېس قىلغان چارپادىشاھ نىكولاي 1905 ـ يىلى پېتوگراتتا كۆك مەسچىت قۇرۇشقا رۇخسەت بەرگەن. بۇ مەسچىت 1910 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1913 ـ يىلى پۈتكەن. مەسچىتنى ئېچىش مۇراسىمىغا بۇخارانىڭ ئاخىرقى ئەمىرى ئالىمخان ۋە ھەبىبۇللا قارىنىڭ ئاتىسى قاتارلىق بۇخارا مۆتىۋەرلىرى قاتناشقان. بىراق بۇ مەسچىت 1931 ـ يىلى تولۇق تاقىۋېتىلىپ ئامبارغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەھمەد سوكارنو لېنىنگراد شەھرىگە زىيارەتكە كەلگەندە قىسقا مۇددەت ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق تاكى ستالىن ئۆلگىچە تاقىۋېتىلگەن. 1956 ـ يىلى سوۋېت باش سېكرېتارى نىكىتا خروشېۋ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سانتكىت پېتربۇرگدىكى كۆكمەسچىتنى قايتىدىن ئېچىۋەتكەن.

ھەبىبۇللا قارى ئۆز دەۋرىدىكى ھەر تۈرلۈك سىياسىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە قولىغا كەلگەن پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك ۋە تولۇق پايدىلىنىپ، 1914 ـ يىلغىچە ھەم قەدىمچە ھەم جەدىتچە دىنىي مائارىپ ئۇسۇلىدا پىششىق تەربىيىلىنىپ، ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك يارامىلىق دىنىي ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن. بىراق 1914 ـ يىلى باشلانغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبلىك، بولۇپمۇ 1916 ـ يىلى يازدا قوقاندىكى قىرغىزلار قوزغىغان قوزغىلاڭ تۈپەيلى بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى داڭلىق دىنىي مەدرىسلەر ۋە جامەلەر تاقىلىپ قالغان. بۇمەزگىلدە چارروسىيەدە يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، 1917 ـ يىلى فېۋرالدا چارپادىشاھ ئاغدۇرۇلغان. ئەڭ ئاخىرقى تۈركىستان گوبېرناتورى كروپاتكىن

دېگەن ئورۇسمۇ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. بىراق شۇ يىلى نويابىردا لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار شۇ چاغدىكى ۋاقىتلىق ھەربىي ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالغان. ئاقىۋەت، مەركىزىي ئاسىيا سىياسىيونلىرى ئىچىدە تۈرانچىلىق، ئىسلامچىلىق، ھەتتا كوممۇنىزىم ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش تەرەپدارلىرى پەيدا بولغان. بۇ ئۈچ ئېقىم ئىچىدە ئىسلامچىلىق ۋە تۈرانچىلىقنى ئۇل ۋە ئوق قىلغان قوقان مۇختارىياتى ۋە ئالاش ئوردا ھاكىمىيەتلىرى بولشېۋىكلار تەرىپىدىن قوراللىق يوقىتىلىپ، كوممۇنىزىم ئىدىيىسىدىكى ئېقىم ستالىننىڭ ئاساسى پۇختىلانغۇچە ۋاقىتلىق غەلىبە قىلغان. ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش باسقۇچىغا كەلگەن ھەببۇللا قارى تېخى ئۆز ۋەزىپىسىنى باشلىماي تۇرۇپلا، 1920 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل، لېنىن باكۇنى قوراللىق ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، ئۈچ ئايدەك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى بۇخارا خانلىقىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان. نەتىجىدە پايتەخت بۇخارا ئۈچ كۈنلۈك قاتتىق بومباردىماندا ۋەيران بولۇپ، شۇ يىلى 1 ـ سېنتەبىر شەھەر قولدىن كەتكەن. ئاقىۋەت، بۇخارا ئەمىرى موللا مۇھەممەد ئالىمخان ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن. بۇ چاغدا ھەببۇللا قارى ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىمقى ئافغانىستان كۆچۈشكە قاتناشمىغان.

ھاياتىنىڭ دەسلەپكى 30 يىلىدىلا بۇنچىۋالا كۆپ كەسكىن ۋە ئالامشۇمۇل ئۆزگىرىشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەببۇللا قارى مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇلارنى ئالدى بىلەن مائارىپ ۋە دىنىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئويغىتىشنى باشقا ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلەردىن مۇھىم ۋە ئەۋزەل دەپ قاراپ، ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئاتىسىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇخارا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بۇخارا مەدرىسىلىرىنى تېزدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ 21 ـ ئەسىرگە سالامەت كىرىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلغان. بىراق بولشېۋىكلار چارروسىيەدىنمۇ بەتتەر ياۋۇز ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بېقىندى ھالەتتە تۇرىۋاتقان بۇخارانى قورال كۈچى ئارقىلىق تولۇق ئىشغال قىلىشقا تەييارلىق قىۋاتاتتى.

بولشېۋىكلار بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەببۇللا قارى قاتارلىق بۇخارالىق ئۆلىمالار ۋە جامائەت ئەرباپلىرىغا قاراتقان تەقىپ ۋە نازارەتنى كۈچەيتكەن. 1922 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست، تۈران قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەنۋەر پاشا شەرقىي بۇخارا (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى پامىر ئېتەكلىرى) تەۋەسىدە ئېتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، لېنىن بۇخارادىكى يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنى ئازراق بوشاتقان. 1923 ـ يىلى لېنىن تولۇق پالەچ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ھوقۇق تالىشىش بىلەن بەنت بوپقالغاندىن سىرت، كۆتۈلمىگەن بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 1924 ـ يىلى يازدا بىر پۈتۈن سابىق تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى بەش مىللىي جۇمھۇرىيەتكە پارچىلاپ بولغاندىن كېيىنلا بۇخارادىكى «مىر ئەرەب دىنىي مەدرىسىسى» نى ئاۋامغا ئېچىپ بەرگەن.

سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى شۇ چاغدا بۇخارا شەھرىدە قېپ قالغان بەش داڭلىق دىنىي ئۆلىمانى بۇ دىنىي مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇلار ئىچىدىكى بىرى دەل ھەبىبۇللا داموللام ئىدى. «داموللا» ئۇنۋانى بۇخارادا ئوقۇش پۈتتۈرگەن دىنىي زاتلار ئالىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان بولۇپ، ھەبىبۇللا داموللام مىرئەرەب مەدرىسىسىگە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن «شەيخ (يەنى بۈيۈك ئۇستاز — پروفېسسور)» دەپ ئاتالغان. بىراق 1956 ـ يىلى بۇخارادىكى ئەڭ ئاخىرقى قەدىمىي مەدرىسە «مىر ئەرەب» دىنىي مەكتىپى تاقالغان. مەزكۇر مەدرىسە 1946 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرلەردىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مىقياسىدىكى بىردىنبىر چەكلەنمىگەن مەدرىسە ئىدى.

1956 ـ يىلى بۇخارادىكى «بەركە خان» مەدرىسىسى ئېچىلغان بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە «مىر ئەرەب» مەدرىسىسى قايتا تاقالغان ئىدى. كېيىنچە مەزكۇر بەركەخان مەدرىسىسى 1961 ـ يىلى قايتا تاقىلىپ، مىرئەرەب مەدرىسىسى يېڭىدىن ئېچىلغان. شۇندىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇ يېگانە ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتى تاكى 1989 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىپ كېتىش ھارپىسىغىچە داۋاملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام ۋە باشقا نۇرغۇن بۈيۈك دىنىي ئالىملىرىمىز مەزكۇر مەدرىسىلەر ۋە باشقا «سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسىسى» قاتارلىق دىنىي مەدرىسلەردە ئوقۇغان ئىدى.

ھەبىبۇللا شەيخ 1924 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە بۇخارا ئەمىرى ۋە بۇرۇنقى دىنىي زاتلار ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىسلاھاتنى ئاساسەن تولۇق ۋە ئۇتۇقلۇق تاماملىۋالغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ زېھنى پۈتۈنلەي بۇخارا ياشلىرىنى پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن لاياقەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك ئىزباسار قىلىپ تەييارلاشقا قارىتىلغان بولسا، ئەمما ئۇنىڭ دىققىتى ھەمىشە موسكۋا ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىدە ئىدى. چۈنكى 1924 ـ يىلى يانۋاردا لېنىن ئۆلگەندىن كېيىن، تروتسكىي بىلەن ستالىن ئارىسىدا بىر مەيدان زور سىياسىي رىقابەت باشلىنىپ كەتكەندى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر بىر تەرەپ بولغىچە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك ئىدى. دەرۋەقە ستالىن ئەشەددىي رەقىبى تىروتسكىينى ئالدى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزى سوۋېتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تولۇق كونترول قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قاتتىق قول ۋە ياۋۇز سىياسىتىنى يەنىلا مەركىزىي ئاسىيادىن باشلىغان.

1929 ـ يىلى سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەركىزىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان خەلققە قارشى تۈرلۈك قاتتىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۈن ـ تىنسىز يوقىتىۋېتىش قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. ئاقىۋەت، بىر قېتىملىق چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى قەشقەر ۋە ئافغانىستانغا چېكىنگەن مەركىزىي ئاسىيا قوراللىقلىرى (سوۋېتلار ئۇلارنى باسمىچىلار دەپ ئاتىغان) پات ـ پات چېگرادىن ئۆتۈپ بولشېۋىكلارغا زەربە بەرگەن. 1930 ـ يىلى بولشېۋىكلار يەنە بىر قېتىم ئاتالمىش باسمىچىلارنى تازىلاش قوشۇنى تەشكىللەپ، تەگرىتاغلىرى، نارىن تېغى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدا باسمىچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ، 1932 ـ يىلى ئۇلارنى ئاساسەن يوقاتقان. ئارقىدىنلا بولشېۋىكلار شەيخ ھەبىبۇللا غازى

قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقا جامائەت ئەرباپلىرىنى ئۆز يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىش باھانىسىدە سەمەرقەنت يېنىدىكى بىر چۆللۈكتە بىراقلا قىرىپ تاشلىماقچى بولغان. بولشېۋىكلار ئىچىدىكى بىر قىسىم مىللىي كادىرلار بۇ شۇم خەۋەردىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم جاسارەتلىك كىشىلەرگە بۇخەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويغان. بەختكە يارىشا ئۇلار دەل ۋاختىدا ھەرىكەت قىلىپ، تۇتقۇن قىلىنىپ سايلىققا يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنى تاغ يولى ئارقىلىق ئافغانىستانغا قاچۇرىۋەتكەن.

1929 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ مەنىۋى رەھبىرى بولغان شەيخ ھەبىبۇللاغا شۇ چاغدىن باشلاپ خەلق تەرىپىدىن«غازى» دېگەن يېڭى مەرتىۋە نامى بېرىلگەن ئىدى.

شەيخ ھەبىبۇللا غازى 1933 ـ يىلى يازدا ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىدە يەرلىك قېرىنداشلىرىغا ئاقساقال بولۇپ، داۋاملىق ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداق قىلىپ، 1917 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە بولغان 15 يىللىق كۆرەشتە زەربە يەپ ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغانلار بىر ئۆمۈر ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلەلمىگەن. شۇقاتاردا ئەڭ ئاخىرقى بۇخارا ئەمىرى موللا ئالىمخانمۇ 1944 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېلدا، ھەسرەت ئىچىدە 64 يېشىدا كابۇلدا قازا قىلغان. ئۇنىڭ مېيتى يەنىلا بۇخارادىن يىراق بولغان كابۇلغا دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، گېتلىرنى مەغلۇپ قىلىپلا ئافغانىستان ھۆكۈمىتىدىن بۇخارا خان جەمەتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش باھانىسىدە ئافغانىستانغا چىشىنى بىلەۋاتقان ستالىننىڭ غەرىزىنى سېزىپ قالغان مۇھەممەد زاھىرشاھ خان جەمەتى ئەزالىرىنى سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە خوشنا ھىندىستانغا يولغا سېلىپ قويغان. ئەمما شەيخ ھەبىبۇللا غازى يىراققا كېتىشكە ئۇنىماي، يېقىندىكى پېشاۋۇرغا يېقىن يەرگە كۆچۈپ، مەخپىي پائالىيەت قىلغان.

1953 ـ يىلى 5 ـ مارت، ستالىن ئۆلگەن ھامان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرگە ئەركىنراق تىنىۋېلىش پۇرسىتى تۇغۇلغان. 1956 ـ يىلغا كەلگەندە نىكىتا خروشېۋ ستالىننى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئىشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەندىلا ھەبىبۇللا غازى ئاشكارا سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، 1957 ـ يىلى ھەج قىلغاچ، ختاي ۋە سوۋېت ئىشغالىيىتىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلاشماقچى بولغان. چۈنكى شۇ يىللاردا ختاي ۋە رۇسىيە ئىسلام دۇنياسىدا نوپۇز تىكلەش ئۈچۈن قەرەللىك ھالدا يىللىق ھەج ئۆمىكى تەسىس قىلغان ئىدى. ھەبىبۇللا غازى تارىم ۋادىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلار ۋە پەرغانىدىن كەلگەن ئۆزبېك ھاجىلاردىن شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى خەلقنىڭ قىل ئۈستىدىكى ئەھۋالىدىن تولىمۇ قايغۇرغان. ئىلگىرى پەقەت دىنىي جەھەتتىن قاتتىق باستۇرۇلغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىمانا ئەمدى مىللىي جەھەتتىن سىڭىشىپ كېتىش تەھدىتىگە دۇچار بولغانىدى. شۇڭا شەيخ ھەبىبۇللا غازى شۇيىلقى ھەجدىن كېيىن، باشقىلارغا ئوخشاش داۋاملىق بىر كىشىلىك راھەت ۋە پاراغەتتە ياشاشنى خالىماي، ئەكسىچە ئافغانىستاندىكى ئافغانلاشتۇرۇلۇش خەۋپىدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئارقىلىق كېلەچەكتە ئافغانىستاندىكى جەنۇبىي تۈركىستان خەلقى ئارقىلىق، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقىنىقايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاساس

هازىرلاشقا بەل باغلىغان. بىر دىنىي ئۆلىمانىڭ بۇ قەدەر يىراقنى كۆرەرلىكى ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. چۈنكى 1979 – 1959 – يىللىرى ئۇيغۇر خەلقى راستىنلا ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق ھالاكەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەيخ ھەبىبۇللا غازىغا ئوخشاش مىڭلىغان ۋە تۈمەنلىگەن نامسىز قەھرىمانلىرى بار بولغاچقا، ئۇيغۇر مىللىتى يەنىلا يوقىلىپ كەتمەي يېڭى ئەسىرگە سالامەت كىردى.

شەيخ ھەبىبۇللا غازى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاخىرقى ئۆمرىنى چەك تۇتۇپ، ھازىرقى ئافغانىستان ئۆزبېكلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئالامشۇمۇل تۆھپە قوشتى. بەش يىللىق قاتتىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن،ھىجرىيە 1381 – يىلى رامىزاننىڭ 17 – كۈنى، يەنى 1962 – يىلى 24 – فېۋرال، شەيخ ھەبىبۇللا غازى ۋاپات بولدى. بىراق ئۇ بىزگە بۈرۈن جەنۇبىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان، ھازىرقى شىمالىي ئافغانىستاندا مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر پارچىمىزنى قالدۇرۇپ كەتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ۋەسەپداشلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، ئافغانىستان ئۆزبېكلىرى ھازىر ئالىبۇرۇن پاشتۇن تاجىك ۋە باشقا پارس مىللەتلىرىگە سىڭىشىپ يوقالغان بولاتتى. ھېلھەم بۇ ئۆزبېكلەر ئۆزىنى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىكى ئۆزبېكلەرگە قارىغاندا قەشقەر ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىغا يېقىنراق ھېس قىلىشىدۇ.

شەيخ ھەبىبۇللا غازىنىڭ بىردىنبىر ئامراق ۋە ئارزۇلۇق ئوغلى شەيخ ئەسەدۇللا 1962 – يىلدىن باشلاپ دادىسىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنى يېتەكلەش ۋە ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1973 – يىلى ئافغانىستان شاھىنىڭ يېقىن تۇغقىنى داۋۇت سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، زاھىر شاھنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ئافغانىستان ۋەزىيىتى ئىزچىل داۋالغۇپ تۇرغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئافغانىستاندا كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىكى بىر ھاكىمىيەتنى تەختكە چىقارغان. كېيىنچە شۇلارنى قوغداش باھانىسىدە 1979 – يىلى 27 – دېكابىر ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان. ئورۇسلارنىڭ ك گ ب ئورگىنى بۇ قېتىم ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۈشمەنلەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق – ئەۋلادلىرىنى تولۇق يوقىتىشنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپ قالغان شەيخ ئەسەدۇللا 1982 – يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قەندەھارغا قوزغىغان ھۇجۇمىدىن سەل ئىلگىرى پېشاۋۇرغا كېتىش ئۈچۈن يولغا چىققان. بىراق ئۇ بۇ قېتىم ھېچقانداق تەييارلىقسىز ۋە يول باشلىغۇچىسىز يولغا چىققاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چارلىغۇچى ئەترىتى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. تەسلىم بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئەسەدۇللا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن پېشاۋۇر ۋە ئافغانىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. ئۇنى قوغلاپ كەلگەن سوۋېت ئەسكەرلىرى ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ، قايتىپ كەتكەن. بىراق بەختكە قارشى شەيخ ئەسەدۇللا قۇملۇق ئىچىدە ئادىشىپ قېلىپ، قاتتىق ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىق تۈپەيلى شۇ يىلى يازدا چۆلدە قازا قىلغان. ئۇنىڭ جەستىنى شۇ يەردىكى پادىچىلارنىڭ ئۆز تەۋەسىگە دەپنە قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

(2022 – يىلى 22 – ئاۋغۇست يېزىپ پۈتتۈرۈلدى.)

مسلسز ئويغنش



# ئوكسفورد تارىخچىسىدىن يېڭى يىپەك يولىغا نەزەر

پىتېر فرانكوپان

# ئوكسفورد تارىخچىسىدىن يېڭى يىپەك يولىغا نەزەر[1]

پېتىر فرانكوپان[2]

**ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ ئاچقۇچلۇق رايوندىكى هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقە ـ هادىسىلەر گويا ئاپەتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىكى ئەهۋال شۇنى ئىسپاتلىدىكى، غەرب بۇ رايونغا مۇئامىلە قىلغاندا، دۇنيا تارىخى نۇقتىئىينەزىرىگە ئىگە، تېخىمۇ يۇقىرى ۋە تېخىمۇ كەڭ تونۇشى كەمچىل بولدى. ئۇشبۇ هۆكۈمدارلار، سىياسىيونلار، دىپلوماتلار ۋە گېنېراللارنىڭ نەزىرىدە ئافغانىستان، ئىران ۋە ئىراق مەسىلىلىرىنىڭ هەممىسى ئايرىم ـ ئايرىم بولۇپ، قارىماققا بىر ـ بىرى بىلەن ئانچە زىچ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.**

**هالبۇكى، بىز بىر قەدەم كېيىنىمىزگە چېكىنسەكلا، تېخىمۇ كۆپ قىممەتلىك تونۇشقا ۋە تېخىمۇ ياخشى نەزەر دائىرىگە ئېرىشىپ، قالايمىقانچىلىققا پاتقان بۇ بىپايان رايوننى ئاندىن ئومۇمىي جەهەتتىن چۈشىنەلەيمىز. تۈركىيەدە كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا ئىختىلاپقا دۇچ كەلگەن هۆكۈمەت ئىنتېرنېتنى ۋە بەزى ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى قامال قىلىپ، تولىمۇ كۈچلۈك تالاش ـ تارتىش قوزغىدى؛ ئوخشاش ئەهۋال ئۇكرائىنادىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوخشىمىغان مىللىي تەلەپلەر بۇ دۆلەتنى پارچىلىنىش**

[1] ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

[2] دوكتور پېتېر فرانكوپان زامانىمىزدا تەسىرى كۈچلۈك، ئاكادېمىك ياش تارىخچىدۇر. ئۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيا تارىخى پروفېسورى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى پادىشاھلىق كولىېجىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى پروفېسورى. خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىزنىڭ دۇنيانى توغرا كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشىگە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىز ئۇنىڭ «يىپەك يولى» ۋە «يېڭى يىپەك يولى» ناملىق ئىككى مۇھىم ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك كۆپ قىسىم مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە سۇنىدۇ. بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ئورگان ياكى شەخسلەرنىڭ بۇ ئىككى ئەسەرنى ئەمدىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا قىزىقىپ قېلىشى ۋە ئىشقا كىرىشىشىنىڭ ئەمگەك تەكرارلىقى، ۋاقىت، زېھىن ئىسراپچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكەرتىمىز.

كىرىزىسىگە پاتتۇردى؛ سۈرىيەمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، كونسېرۋاتىپلار بىلەن لىبېراللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بەدىلى تولىمۇ ئېغىر بولدى؛ كاۋكاز رايونى ــــ بولۇپمۇ چېچېنىيە ۋە گرۇزىيە ــــ ھېلىھەم كىملىك ۋە مىللىي مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە تېخىمۇ شەرقتىكى قىرغىزىستانمۇ بار، بۇ يەر 2005 ـ يىلىدىكى «لالە ئىنقىلابى»دىن بۇيان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىياسىي داۋالغۇشقا پېتىپ قالدى. خىتاينىڭ غەربىدىمۇ ئۇيغۇرلار بارغانسېرى تىنچسىزلانماقتا ۋە (خىتايغا قارشى) دۈشمەنلىكى كۈچەيمەكتە. خىتاي دائىرىلىرى (ئاتالمىش) «تېرورلۇق» تەھدىتى سەۋەبىلىك، «قەستەن ئۇزۇن ساقال قويۇۋېلىش گۇمانلىق ئالامەتتۇر» دەپ قارىدى ۋە ئاياللارنى يۈز ياپقۇسنى ئېلىۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، «گۈزەللەشتۈرۈش پروجېكتى» ناملىق سىياسەتنى يولغا قويدى.

لېكىن، غەربنىڭ ئىراق ۋە ئافغانىستانغا كالانپايلارچە مۇداخىلە قىلىشى ھەمدە ئۇكرائىنا، ئىران ياكى باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىشىدىن باشقا، بۇ رايوندا يەنە باشقا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرمەكتە. يىپەك يولى شەرقتىن غەربكە قاراپ قايتىدىن قەد كۆتۈرمەكتە. گەرچە كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە زوراۋانلىق، دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، رۇسىيە بىلەن قوشنىلىرى ئارىسىدىكى سۈركىلىش قاتارلىقلاردىن گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئىلگىرى دۇنيانىڭ ئىلمىي، كۈلتۈرەل ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ رايوننىڭ يەنە بىر قېتىم قەد كۆتۈرۈش جەريانىدىكى «تولغاق ئاغرىقى» ئىدى، خالاس. دۇنيانىڭ مەركىزى يەنە بىر قېتىم مىڭ يىل ئاۋۋالقى جايىغا قايتىش ئالدىدا ئىدى.

بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ روشەن سەۋەبلىرى بار. بۇ رايوندىكى تەبىئىي بايلىقلار ئەلۋەتتە شۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. ئىران، مېسوپوتامىيە ۋە پارس قولتۇقىنىڭ تەبىئىي بايلىقنى مونوپول قىلىش بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ باھاسى ئىزچىل غەرب دۇنياسىنىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنداقلا، نوكس دارسى (William Knox D'Arcy) دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى تەبىئىي بايلىق زاپىسى تېخىمۇ كۆپ. كاسپىي دېڭىزىدا بايقالغان خام نېفت زاپىسلا پۈتكۈل ئامېرىكادىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. كۇردىستاندا «تاقتاق» نېفتلىكى قاتارلىق يېڭى نېفت زاپاسلىرى بايقىلىپ، بۇ يەردىكى كۈنلۈك خام نېفت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2007 ـ يىلىدىكى 2000 تۇڭدىن بۈگۈنكى 250 مىڭ تۇڭغا يەتتى، بۇ ھەرئايدا نەچچە يۈز مىليون دوللار كىرىم قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قازاقىستان بىلەن رۇسىيە چېگراسىدىكى چوڭ تىپتىكى «قارا شاغاناق» نېفت ۋە تەبىئىي گاز رايونىدىكى تەبىئىي گاز زاپىسلا 42 تىرىليون كۇب فۇت كېلىدۇ. بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى ئارقىلىق شىددەت بىلەن راۋاجلىنىشقا بەل باغلىماقتا.

ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيەنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان دونېتسك ئويمانلىقى ئۇزۇندىن بۇيان غايەت زور كۆمۈر زاپىسى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى قېزىش مىقدارى تەخمىنەن 10 مىليارد توننا

بولۇپ، بۇ يەرمۇ قېزىلما بايلىقلىرى سەۋەبلىك كۆنسېرى مۇھىم بولۇپ قالماقتا. ئامېرىكا گېئولوگىيىلىك چارلاش ئىدارىسىنىڭ يېقىنقى گېئولوگىيەلىك باھاسىغا قارىغاندا، بۇ رايوندا 1 مىليارد 400 مىليون تۇڭ نېفت، تەخمىنەن 2 تىرىليون 400 مىليارد كۇب فۇت تەبىئىي گاز ۋە پەۋقۇلئاددە كۆپ مىقداردا سۇيۇق تەبىئىي گاز بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازلىقلىرى بار. بۇ دۆلەتنىڭ يەر ئاستى تەبىئىي گاز مىقدارى 700 تىرىليون كۇب فۇتتىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى تۆتىنچى چوڭ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىگۈچى دۆلەتتۇر. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە تەڭرىتاغ كان بەلبېغىغا جايلاشقان ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئالتۇن كانلىرىمۇ بار. بۇ يەردىكى ئالتۇن زاپىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋىتۋاتېرسراند (Witwatersrand) ئويمانلىقىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قازاقىستاندا بېرىللىي، دىسپروزىي قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتلىرى كانلىرى بايقالدى. بۇ مىنېراللار يانفون، خاتىرە كومپيۇتېر ۋە توك تولۇقلىغىلى بولىدىغان باتارېيە ئىشلەپچىقىرىشتىكى زۆرۈر ماتېرىياللاردۇر؛ بۇ يەردە يەنە يادرو ئېنېرگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يادرو ئوق بېشىنى ياساشتىكى ئۇران ۋە پلۇتونىيدىن ئىبارەت ئاساسلىق ماتېرىياللار بار.

ھەتتا بۇ يەرنىڭ تۇپراقلىرىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتلىرى قىممەت باھالىق تاۋار بولۇپ، خىتاينىڭ خان جەمەتىدىكىلەر ئارىسىدا ۋە دېھلىدىكى بازارلاردا زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. شۇنداقلا، كىيېۋ، كونستانتىنوپول ۋە بېيجىڭدىكى ئوردا سالنامىچىلىرى بۇ ئاتلار ھەققىدىكى مەدھىيەلىرىنى ئايىمىغان. بۈگۈنكى كۈندە، يايلاق ـ ئوتلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئۇكرائىنانىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ يەردىكى «قارا تۇپراق» ئىنتايىن مۇنبەت بولۇپ، پەۋقۇلئاددە ئالقىشقا سازاۋەر. مەلۇم بىر ئامېرىكىلىق تەشكىلاتنىڭ بايقىشىچە، پەقەت ئۇكرائىنادىلا ھەر يىلى بىر مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تۇپراق قېزىپ سېتىلىدىكەن.

بۇ رايوندىكى مالىمانچىلىق ياكى ئۇرۇش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ماي پونكىتلىرىدىكى بېنزىننىڭ باھاسىدا ئەكس ئېتىپلا قالماي، بىز ئىشلىتىدىغان تېخنىكىغا، ھەتتا بىز يەيدىغان بولكىنىڭ باھاسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، 2010 ـ يىلى يازدا، رۇسىيەدە كىلىمات ئۆزگىرىش سەۋەبلىك ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەچكە، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالمايدىغان سەۋىيەگە چۈشۈپ قالغانىدى. قانچىلىك ئاشلىقنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكى ھېسابلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئون كۈندىن كېيىن ئاشلىق ئېكسپورتىنى چەكلەيدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چەكلەش يەر شارى ئاشلىق باھاسىغا دەرھال تەسىر كۆرسىتىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئىككى كۈن ئىچىدىلا 15 پىرسەنت ئۆرلىدى. 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى ئۇكرائىنا قالايمىقانچىلىقىمۇ ئوخشاش ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: دۇنيادىكى ئۈچىنچى چوڭ بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولمىش ئۇكرائىنادا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلەش خەۋپى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيا مىقياسىدا بۇغداي باھاسى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ كەتتى.

مەزكۇر رايوندىكى باشقا زىرائەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بابۇر ئاپپلسىن دەرىخى ئىلگىرى دۇنياغا داڭلىق ئىدى. 17 ـ ئەسىردە، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بۇ يەردىكى لالە (كۆركۆم گۈلى)گە مەپتۇن بولۇشتى. لالەنىڭ باھاسى ئىنچىل تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ھەتتا لالەنىڭ بىر دانە شارسىمان غولىنى ئامستېردامدىكى دەريا بويىدىكى تۇرالغۇغا تېگىشكىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، كۆكنار (ئەپيۇنگۈل) بەس ـ بەستە سېتىۋېلىنماقتا. پۈتكۈل ئافغانىستان مىقياسىدا ئۆستۈرۈلىدىغان بۇ زىرائەت يەرشارىدىكى خىروئىن ئىستېمالىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە خىروئىننىڭ باھاسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ ھەمدە شۇ سەۋەبلىك زەھەر تاشلىتىش مەقسىتىدىكى داۋالاش ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىراجەتلىرىگە، شۇنداقلا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەس قىلىدىغان تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىش تەننەرخىگىمۇ مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

غەربكە نىسبەتەن، بۇ رايون غەلىتە ھەم ناتونۇش. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىق نەزەردە قارىغان تەقدىردىمۇ، ئەھۋال يەنىلا شۇنداق. تۈركمەنىستاندا، پرېزىدېنتنىڭ ئاپتوماتىك ئايلىنىپ ئىنچىل قۇياشقا قاراپ تۇرالايدىغان ئالتۇن ھەيكىلى 1998 ـ يىلى تىكلەنگەنىدى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بارلىق ئايلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پرېزىدېنتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۆتىنچى ئاينىڭ ئىسمى «قۇربانسۇلتان»غا ئۆزگەرتىلدى. تۈركمەنىستانغا قوشنا بولغان قازاقىستاندا پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نەزەرباييېف 2011 ـ يىلى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان 96 پىرسەنتلىك ئاۋاز بىلەن قايتا سايلاندى. كېيىن ئاشكارىلىنىپ كەتكەن بىر پارچە دىپلوماتىك تېلېگراممىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئېلتون جون (Elton John) ۋە نېلىي فۇرتادو (Nelly Furtado) ئىسىملىك ئىككى چولپان بېرىلگەن ھەقنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە يۇقىرىلىقى سەۋەبلىك، بىر مەيدان شەخسىي مۇزىكا كېچىلىكىدە، پرېزىدېنت (نەزەرباييېف)نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن نومۇر ئورۇنداپ بەرگەن. تاجىكىستانلىقلار بولسا «دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز بايراق خادىسى»لىق رېكورتىنى قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ساقلاپ قالغان بايراق خادىسىنى ياسىغاندىن كېيىن، دىققىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ تىياتىرخانا قۇرۇشقا قاراتتى. مەزكۇر يېڭى تىياتىرخانا بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانا، ئەڭ چوڭ مۇزېي ۋە ئەڭ چوڭ چايخانىنىڭ يېنىغا جايلاشقانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئەزەربەيجاندا پرېزىدېنت ئەلىيېۋ يېقىنقى سايلامدا «كىشىلەرنى ئانچە قايىل قىلالمايدىغان» 86 پىرسەنت ئاۋاز بىلەن قايتا سايلاندى. بىز يەنە پرېزىدېنتنىڭ ئوغلىنىڭ دۇبەيدە جەمئىي 45 مىليون دوللارلىق داچا ۋە تۇرالغۇسى بارلىقىدىن، بۇنىڭ ئەزەربەيجاندىكىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمىنىڭ ئون مىڭ ھەسسىسىگە باراۋەر ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلاندۇق. 11 ياشلىق بىر بالىغا نىسبەتەن، بۇ تولىمۇ «قالتىس» ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئىرانغا قارايدىغان بولساق، پرېزىدېنت قەتلىئامنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىنكار قىلدى ۋە «غەرب جاھانگىرلىرى ۋە مۇستەبىتلىرى»نى «ئۆزلىرىنىڭ دورا ۋە داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى نامرات دۆلەتلەرگە سېتىش» ئۈچۈن ئەيدىز ۋىرۇسىنى ياساپ چىقتى، دەپ ئەيىبلىدى.

غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ يەر شۈبھىسىز قالاق، مۇستەبىت ۋە قالايمىقان رايوندۇر. (ئامېرىكانىڭ سابىق) دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كىلىنتون 2011 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «توقۇنۇش ۋە نىزا سەۋەبلىك بۆلۈنۈپ كەتكەن»لىكىنى ئېيتقانىدى. بۇ يەردە كىشىلەر سودا ۋە ھەمكارلىقنى كۆرەلمەيدۇ، كۆرىدىغىنى پەقەت «تاۋارلارنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بيۇروكراتلىق قاتارلىق توساقلار»دۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، «بۇ يەردە ياشايدىغانلارنى گۈزەل كەلگۈسىگە باشلايدىغان» بىردىنبىر يول ئىزچىل مۇقىم ۋە بىخەتەر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش بولۇپ، شۇنداق قىلغاندىلا «تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش» مۇمكىن. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

ھالبۇكى، بۇ يەر دەل مۇشۇ ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىزچىل ھالدا دۇنيا تارىخىدا تۈگۈنلۈك ئورنىنى ساقلاپ كەلدى. قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ «چوڭ پېچ»تا ھەر خىل ئىدىيە، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىللار ئۆزئارا زەرەتلىنىپ تۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە، يىپەك يولى قايتىدىن گۈللىنىۋاتقان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىماقتا. ئىقتىسادشۇناسلار قارا دېڭىز، كىچىك ئاسىيا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقى ۋە ھىمالايا تېغىغىچە بولغان بەلباغنىڭ يەر يۈزىدىكى، يەر ئاستىدىكى، سۇ ئاستىدىكى ۋە تاغلىرىدىكى بايلىقلارغا دىققەت قىلىپ ئۆلگۈرۈشتى ـ يۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزى يەنىلا تارىختا ئانچە باغلىنىشى يوق، پەقەت قىسمەن يۈزەكى سانلىق مەلۇماتلار جەھەتتىلا ئوخشاشلىققا ئىگە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى (BRICS ــــ برازىلىيە، رۇسىيە، ھىندىستان، خىتاي ۋە جەنۇبىي ئافرىقا) ۋە بىر مەھەل ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالغان تۇمان دۆلەتلىرى (MIST ــــ مالايسىيا، ھىندونېزىيە، كورىيە ۋە تۈركىيە)گە ئوخشاش ئەللەر بولدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە، بىز دىققەت نەزىرىمىزنى دۇنيادىكى ھەقىقىي «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى» بولمىش بۇ رايونغا قارىتىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ يەردە بايقىلىشنى كۈتۈۋاتقان «ياۋايى شەرق» ياكى «يېڭى دۇنيا» يوق، بارى پەقەت جاھان ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن زاھىرلىنىش ئالدىدا تۇرغان «جاھان دوقمۇشى»دۇر.

يىپەك يولى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلىرى روناق تېپىپ، يېڭى ئايرودروم، ئارامگاھ، ھەشەمەتلىك مېھمانساراي ۋە ئابىدە خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر بەس ـ بەستە قەد كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىلكىدە خالىغانچە بۇزۇپ ـ چاچسا بولىدىغان غايەت زور مىقداردا پۇل بار. تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباتتا يېڭى پىرىزدېنتلىق سارىيى ۋە زال ئىچى قار تېيىلىش مەيدانىغا نەچچە يۈز مىليون دوللار خەجلىدى؛ ئېھتىياتچان مۆلچەرلەرگە كۆرە، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاۋازا ساياھەت رايونىغا كەم دېگەندە ئىككى مىليارد دوللار خەجلەنگەن.

باكۇدا، ھەيدەر ئەلىيېۋ خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان تېرمىنالى بار، ئۇنىڭ غايەت زور «ياغاچ پىلە غوزىكى» ۋە پېتىنقى ئەينىكى ئەزەربەيجانغا ساياھەتكە كەلگەنلەرگە نېفتلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان بۇ دۆلەتنىڭ غايىسى ۋە بايلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدۇرىدۇ. 2012 ـ يىللىق

ياۋرو ـ ئاسيا ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن خرۇستال ئوردا مۇزىكا زالىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن. باكۇنىڭ ماددىي گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختىگە كەلگەن چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ھىلتون، كېمپىنىسكى، رادىسون، رامادا، شېراتون ۋە ھايت قاتارلىق داڭلىق مېھمانخانىلاردىن خالىغىنىنى تاللىيالايدىغان ياكى يېقىندىن سېلىنغان تېخىمۇ كۆپ مېھمانخانىلاردا قونالايدىغان بولدى. باكۇ مېھمانخانىلىرىدىكى ياتاقلارنىڭ سانى 2011 ـ يىلىلا بىر قاتلاندى، بۇنىڭ كەلگۈسى تۆت يىلدا يەنە بىر قاتلىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

نېفت ساھەسىگە ناتونۇش كىشىلەر ئىراقتىكى ئەربىلنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ كۇرد ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق شەھىرىدۇر. بۇ يەردە، ئەربىلدىكى روتانا مېھمانخانىسىنىڭ ياتاق باھاسى ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدىكىدىن ۋە ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىكىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئۆلچەملىك ياتىقىنىڭ كۈنلۈك باھاسى 290 دوللار، ناشتىلىق ۋە سۇ بىلەن داۋالاش مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما سىمسىز تور يوق.

بۇ جايدا نۇرغۇن يېڭى شەھەر مەركەزلىرى قۇرۇلدى. ھەتتا بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىكى ئاستانىدىن ئىبارەت يېڭى پايتەختمۇ بار بولۇپ، بۇ شەھەر يىگىرمە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يوقتىن بار قىلىندى. ھازىر بۇ يەردە نورمان فوستېر (Norman Foster) لايىھەلىگەن «تىنچلىق سارىيى»، شۇنداقلا ئېگىزلىكى 330 ئېنگلىز چىسى (تەخمىنەن 100 مېتىر ئەتراپىدا، ت) كېلىدىغان، دەرەخسىمان بايتېرەك مۇنارى بار بولۇپ، مۇنارنىڭ چوققىسىدىكى «ئالتۇن تۇخۇم»نىڭ ئىچىدە زىيارەتچىلەر قوللىرىنى (سابىق) پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نەزەربايېفنىڭ قولىنىڭ ئىزىغا قويۇپ تىلەك تىلىيەلەيدۇ.

سىرتتىكىلەرگە نىسبەتەن بۇ يېپيېڭى بىر دۇنيادۇر. قەيەردىن پەيدا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ملياردېرلار لوندون، پارىژ ۋە نيۇيوركتىكى كىمئارتۇق سودىخانىلىرىدىن ئەڭ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالماقتا. ئۇلار يەنە ھاياجان ئىلكىدە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كۆچمەس مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىشماقتا. ھالبۇكى، بۇ مۈلۈكلەرنىڭ باھاسى شۇ جايلارنىڭ ئاھالىلىرى تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى. لوندون ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن بۇ سېتىۋالغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامېرىكا ۋە خىتايلىق سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە، يەرلىك سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان باھادا ئۆي سېتىۋېلىشىدۇ. مانخاتتان، مايفېير، چەۋەندازلار كۆۋرۈكى (Knightsbridge) ۋە فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى خاس شەخسىي تۇرالغۇلار ۋە ئابىدە خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆزبېكىستانلىق مىس ماگناتلىرى، ئۇرال رايونلۇق كالىي ماگناتلىرى ياكى قازاقىستانلىق نېفت ماگناتلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئۇلار ئادەتتە ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ ۋە پۇلنى بىر قېتىمدىلا تۆلىۋېتىدۇ. بەزىلەر يەنە داڭلىق پۇتبولچىلارغا زور مىقداردا پۇل خەجلەيدۇ. مەسىلەن، (ئافرىقىلىق داڭلىق پۇتبول چولپىنى) سايمىل ئېتوئو (Samuel Eto'o) كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى بىر دۆلەتنىڭ ئولىگاركى (ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىق تەبىقە بايلىق ۋە ھوقۇقنىڭ كۆپ قىسمىنى،

ھەتتا ھەممىنى كونترول قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈم ئولىگارخىيە (oligarchy)؛ مەزكۇر ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ ئەزالىرى ئولىگارك (oligarch) دەپ ئاتىلىدۇ. ت) تەرپىدىن سىتۇپلىنىپ، داغىستاندىكى ئەنجى ماخاچكالا كوماندىسىدا توپ تەپتى ۋە بىر مەھەل دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت توپچى بولۇپ قالدى. يەنە بەزىلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. باكۇدا ئۆتكۈزۈلگەن U17 ئاياللار دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جېنىفېر لوپېز (Jennifer Lopez) ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئىككى يىل ئىلگىرى تىرىنىداد ۋە توباگودا ئۆتكۈزۈلگەن، ئارانلا نەچچە يۈز تاماشىبىن قاتناشقان ئېچىلىش مۇراسىمنى بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئاسىيانىڭ ئۆگزىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يېڭى قاناللار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، خۇددى مىڭ يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش، بۇ مۇھىم رايوننى تۆرلۈك شەكىللەردە ھەر تەرەپ بىلەن تۇتاشتۇرماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي ئەشيا ئوبوروت تورىمۇ (Northern Distribution Network) بار. ئامېرىكا رۇسىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتىدىغان بىر قاتار قاتناش كارىدورلىرى ئارقىلىق «غەيرىي ئەجەللىك قوراللار»نى ئافغانىستاندىكى ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋە بىرلەشمە ئارمىيەگە يەتكۈزدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1980 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتى مەزگىلىدە سېلىنغان بىر قىسىم ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ئىشلەتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ قاناللار ئېنېرگىيەلەرنى ياۋروپا، ھىندىستان ۋە خىتاي قاتارلىق جايلاردىكى ھەم پۇلى، ھەم ئېھتىياجى بار ئىستېمالچىلارغا يەتكۈزىدىغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۇرۇبا لىنىيەلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە ھەر تەرەپكە يېيىلغان بولۇپ، يا تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جەيھان پورتىغا تۇتىشىدۇ؛ يا بولمىسا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مەنبەلەنگەن، تاشقا ئايلانغان ئېنېرگىيەلەرگە (Fossil Energy) بولغان غايەت زور ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەگرى ـ بۈگرى ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يېڭى بازارلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستاننىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دۆلەتلەر تەبىئىي گاز توشۇش مىقدارى 950 مىليارد كۇب فۇت بولغان يېڭى گاز تۇرۇبا لىنىيەسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ۋە ئەرزان ئېنېرگىيەگە ئېرىشىشنى ئۈمىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە بولدى. بۇ تۇرۇبا يولى تۈركمەنىستاندىكى تەبىئىي گازلىقتىن باشلىنىپ، تاشيولنى بويلاپ ھىرات ۋە قەندىھاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا پاكىستاننىڭ كۇئېتا ۋە مۇلتان شەھەرلىرىگە بارىدۇ. بۇ قەدىمقى سوغدىيانە سودىگەرلىرى ۋە 17 ـ ئەسىردىكى ئات سودىگەرلىرى ياخشى بىلىدىغان لىنىيەدۇر. ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى تۆمۈر يول لايىھەلىگۈچىلىرى ۋە ئىستراتېگىيەچىلەر، شۇنداقلا غەزنەۋىيلەرنىڭ ئوردىغا قاراشلىق جاھانكەزدى شائىرلىرىمۇ بۇ لىنىيەگە ناتونۇش ئەمەس.

بەزىلىرى ھازىر مەۋجۇت بولغان، بەزىلىرى پىلانلىنىۋاتقان بۇ تۇرۇبا لىنىيەلىرى ياۋروپانى دۇنيانىڭ مەركىزىدىكى نېفىتلىك ۋە تەبىئىي گازلىقلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، تۇرۇبا يولى لىنىيەلىرىنىڭ بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەزنىنىمۇ ئاشۇردى. رۇسىيە بۇ جەھەتتىكى ئىنتايىن ياخشى مىساللاردىن بىرى. ئۇلار ئېنېرگىيە تەمىناتىنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، زوراۋان تېپىلغاندا باھانىڭ ئۆسۈشىگە يول قويىدى ياكى ئۇكرائىناغا بولغان ئېنېرگىيە تەمىناتىنى ئۈزدى. ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر رۇسىيەنىڭ گازىغا (ۋە رۇسىيە ھۆكۈمىتى قوللىغان «رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائەت پاي شىركىتى»گە ئەزا شىركەتلەرگە) بەكلا تايىنىپ قالغاچقا، ئېنېرگىيە ۋە (شۇ ئېنېرگىيەلەرنى توشۇيدىغان) تۇرۇبا لىنىيەلىرىنى ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ۋە سىياسىي قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش 21 ـ ئەسىردىكى ئېغىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. پرېزىدېنت پۇتىننىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى (گەرچە بەزىلەر ماقالىنىڭ پۈتۈن تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىدىن ۋە ئۇشبۇ «دوكتورلۇق» قالپىقىنىڭ ۋەزنىدىن گۇمانلانسىمۇ) رۇسىيەنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدا بولۇپ، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس.

شەرقتە خىتاي (رۇسىيە بىلەن) مۇددىتى ئوتتۇز يىللىق، 400 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تەبىئىي گاز زاكاز توختامى ئىمزالاشتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ تۇرۇبا لىنىيەلىرى كەلگۈسىدە خىتاينىڭمۇ جان تومۇرى بولۇپ قالىدۇ. زور مىقداردىكى بۇ پۇل (بۇنىڭ بىر قىسمى رۇسىيەگە ئالدىن تۆلىنىدۇ) خىتايغا ئۆزى تەلپۈنىدىغان ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، پۇتىن چىقىشىغا 22 مىليارد دوللار مەبلەغ كېتىدىغان يېڭى تۇرۇبا لىنىيەسى رۇسىيەگە قوشنىلىرى ۋە رىقابەتچىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىلەردە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى. شۇڭلاشقا، خىتاينىڭ 2014 ـ يىلىدىكى ئۇكرائىنا كرىزىسى مەزگىلىدە، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى ئىچىدە رۇسىيەنى ئەيىبلىمىگەن بىردىنبىر دۆلەت ئىكەنلىكىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئېنېرگىيە سودىسى ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدىغان غەرب دۆلىتى (يەنى ئۇكرائىنا)دىن بەكلا مۇھىم، ئەلۋەتتە.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

«يىپەك يولى» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2022 -يىلى 9– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 9 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)**

# ئايلىق خەۋەر

(2022 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن، 2022 ـ 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە)

## ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىز ترۇس خىتاينى ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن رەسمىي تەھدىت دەپ جاكارلاشنى پىلانلىدى

«wionews» تورىنىڭ 29 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدىكى «تايمىس گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىز ترۇس ئەگەر باش مىنىستىر بولۇپ سايلانسا، ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى قايتىدىن تەڭشەش، جۈملىدىن خىتاينى «دۆلەت بىخەتەرلىك تەھدىتى» دەپ بېكىتىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن.

لىز ترۇسنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەگەر ئىشلار پىلان بويىچە بولسا، خىتاينىڭ ئەنگلىيە بىخەتەرلىكىگە شەكىللەندۈرگەن خەۋپ دەرىجىسى رۇسىيەنىڭكىگە ئوخشاش «ئېغىر تەھدىت»لىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىكەن.

ھالبۇكى، لىز ترۇسنىڭ ئەترىتىدىكىلەر ئەنگلىيە خىتاينىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ئەكېلىدىغان تەھدىتى»دىن ھەزەر قىلىشى كېرەك دېگەن ۋە خىتاينى «سىستېمىلىق رىقابەتچى» دەپ سۈپەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئەنگلىيە خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى قوغۇقلاشتۇرۇشى كېرەك» دەپ قارىغان.

تەھلىلچىلەر، خىتاينى تەھدىت دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى بۇ قەدەر مۇھىم بىلىۋالغان ھۆكۈمەتنىڭ خىتايغا قارىتا ھەقىقىي قاتتىق مەيدان تۇتۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

## خىتايدىكى بىر ئاقىللار ئامبىرى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ COVID ـ 19 سىياسەتلىرىنى تەنقىدلىگەنلىكى سەۋەبلىك تەكشۈرۈلدى

كانادادا چىقىدىغان «يەرشارى پوچتىسى گېزىتى» تورىنىڭ 30 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋرىگە كۆرە، خىتايدىكى ئەنباڭ (安邦) ئاقىللار ئامبىرى بۇ ھەپتە «خىتاينىڭ ۋىرۇسنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش سىياستىنى تەڭشەيدىغان ۋاقتى كەلدى» ماۋزۇلۇق دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا: « COVID ـ 19 نىڭ ئومىكرون ۋارىيانتى نۇرغۇن دۆلەتلەردە داۋالاش بايلىقلىرىنى قىسلاشتۇرۇۋەتمىدى. بۇ يىل ئاۋغۇستقىچە، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر يۇقۇمىدىن قۇتۇلۇپ، نىسبەتەن مۇقىم ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىغا كىردى. ھالبۇكى، خىتاي يەنىلا ئىككى يىل ئىلگىرى قوللانغان قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش سىياستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خىتاي ئىقتىسادى تۇرغۇنلۇق خەۋپىگە دۇچ كەلدى» دېيىلگەن.

بۇ دوكلات 28 ـ ئاۋغۇست مەزكۇر ئاقىللار ئامبىرىنىڭ ئۈندىدار ۋە مىكروبىلوگ ھېسابلىرىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەتىسىلا ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

گەرچە خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزىنى ئەيىبلىمىسىمۇ، ئەمما يۇقۇم چەكلىمىلىرى سەۋەبىدىن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

خىتاي بۇ يىل GDP نىڭ ئېشىش نىشانىنى 5.5 پىرسەنت قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، بۇ يېقىنقى ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە ئىكەن. نۇرغۇن بانكا ۋە تەھلىلچىلەر خىتاينى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان بۇ نىشانغىمۇ يېتەلمەيدۇ، دەپ مۆلچەرلەشمەكتە. گولدمەن ساكس (Goldman Sachs) شىركىتىنىڭ مۆلچەرىچە، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ بۇ يىللىق ئېشىش سۈرئىتى ئۈچ پىرسەنتكە يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئىكەن.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئارقىغا سۆرەلگەن دوكلاتى ئاخىرى ئېلان قىلىندى

«BBC» تورىنىڭ 1 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى ئۇزۇندىن بۇيان تىلغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىزچىل باستۇرۇپ قويۇلغان ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار دوكلات 31 ـ ئاۋغۇست كۈنى مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ باش شتابى جايلاشقان جەنۋەنىڭ ۋاقتى يېرىم كېچىدە، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا مىشېل باچېلېتنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشىغا 13 مىنۇت قالغاندا ئېلان قىلىنغان ۋە دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان قىلمىشلىرى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت تەشكىل قىلىشى مۇمكىن» دېيىلگەن.

«Politico» تورىنىڭ ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، سابىق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت ئالدىنقى ھەپتە مەزكۇر دوكلاتتىن بىر نۇسخىنى خىتاينىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرغان. ھەتتا 31 ـ ئاۋغۇست كۈنىمۇ مەزكۇر ئورگاننىڭ ئالاقىدار خادىملىرى خىتاينىڭ تەلىپىگە بىنائەن

**دوكلاتنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئۆزگەرتكەن. بىر نەپەر دىپلوماتنىڭ كۆرستىشىچە، دوكلاتتىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» جىنايىتىنى بېكىتىشتىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە سۇيۇقلاندۇرۇۋېتىلگەن.**

## ب د ت نىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى دوكلاتى خىتاينى چىچاڭشىتىۋەتتى

**«wionews» تورىنىڭ 2 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىيىتى 31 ـ ئاۋغۇست كېچىدە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار دوكلاتنى ئېلان قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، خىتاي دائىرىلىرى بۇ ئىشتىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە قارشىلىق قىلغان. ھەتتا دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن بىر قانچە سائەت ئاۋۋال خىتاينىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ جۈن خىتاينىڭ بۇ دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا بىلدۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، خىتاي تاراتقۇلىرى بىردەك بۇ توغرىسىدا خەۋەر بەرمىگەن. بۇمۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ دوكلاتنىڭ تەسىرىدىن قورققانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالماقتا.**

**بۇنداق بولۇشىدا، ئالدى بىلەن خىتاي تېخى مۇشۇ يىل بەشىنچى ئايدىلا شۇ چاغدىكى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ خىتاينى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قانچە شەھىرىنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان ھەمدە زىيارەت جەريانىدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى مىشېل باچېلېت بىلەن سۆھبەتلەشكەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپلا، مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنغان ئەھۋالدا، خىتاينىڭ بۇ دوكلاتنى ئىلگىرىكى تەتۈر تەشۋىقاتلىرىدىكىگە ئوخشاش «خىتايغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان رەزىل يالغانچىلىق» دېيىشى تەسكە توختىغاچقا، خىتاي بۇنىڭدىن تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغان.**

**ئىككىنچىدىن، مەزكۇر دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش؛ تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قىيناش؛ مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش؛ دىنىي باستۇرۇش؛ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق بەش نۇقتىدا ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ توغرىسىدا تەمىنلەنگەن ئىسپاتلار، تەتقىقاتلار ۋە گۇۋاھلىقلار خەلقئارا جامائەتچىلىك ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئىشەنچلىك دەپ قارالغان.**

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شىركەتلەرنىڭ خىتايغا ئۆزەك ئېكسپورت قىلىشىغا چەك قويدى

«wionews» تورىنىڭ 2 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئەڭ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۆزەك لايىھەلەيدىغان نۇيدىيا شىركىتىدىن سۈنئىي ئىدراك ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل ھېسابلاش ئۆزىكىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان.

ئىگىلىنىشچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئۆتكەن ئايدا يېڭى تىپتىكى ئۆزەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە يۇمشاق دېتاللارنى ئېكسپورت قىلىشقا چەكلىمە قويغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكانىڭ بۇ قېتىم ئۆزەك ياسىغۇچى شىركەتلەرگە خىتايغا ئۆزەك ئېكسپورت قىلماسلىقنى جېكىلىشى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ «رەسىم تونۇش ئىقتىدارى» قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلارنى كۈچەيتىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئىلغار ۋە پىششىقان مىكرو ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ ئاجىز ياكى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەن چەتئەل ياسىمىچىلىقىغا تايىنىپ قېلىشىنى ئازايتىش» مەقسىتىدە، ئۆزەك ياساشقا تولۇقلىما بېرىش ۋە تەتقىقات مەبلىغىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرماقچى ئىكەن.

## خىتاي يەنە تەيۋەنگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا تېرە تارقاشتى

«خەۋەر ھەپتىلىكى» تورىنىڭ 7 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ كانبېررادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شياۋ چيەن بۇ ھەپتە ABC قانىلىنىڭ پروگراممىسىغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ كەلگۈسىدە تەيۋەننى تىنچ ئۇسۇلدا قايتۇرۇپ كېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەمما «تىنچ بولمىغان ۋاسىتىلەر»نى ئىشلىتىش ھوقۇقىنىمۇ ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مۇخبىر سارا فېرگۇسوننىڭ: «بۇ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ؟» دېگەن سوئالىغا، شياۋ چيەن «مەن تاجاۋۇزچىلىق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيمەن، چۈنكى تەيۋەن خىتاينىڭ بىر قىسمى، <تاجاۋۇزچىلىق> پەقەت دۆلەتلەرئارا بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، زۆرۈر تېپىلغاندا، مەجبۇرلانغاندا، بىز بارلىق زۆرۈر ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشكە تەييارمىز. <بارلىق زۆرۈر ۋاسىتىلەر>نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا، تەسەۋۋۇرىڭلارنى ئىشلىتىپ كۆرسەڭلار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ئاۋستىرىيەلىك ۋولكېر تۈرك ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ يېڭى ئالىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 9 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاۋستىرىيەلىك دىپلومات، ب د ت باش كاتىپى ئىجرائىيە ئىشخانىسىنىڭ سىياسەتكە مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋولكېر تۈرك ب د ت باش

كاتىپى ئانتونى گۇتېرېس تەرىپىدىن 31 ـ ئاۋغۇست كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان مىشېل باچېلېتنىڭ ئورنىغا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقىغا نامزاتلىققا كۆرستىلىپ، ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە سۇنۇلغان ھەمدە ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى 8 ـ سېنتەبىر بىلەت تاشلاپ، ۋولكېر تۈركنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئالىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىگەن.

ئىگىلىنىشچە، باچېلېت ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئون نەچچە مىنۇت بۇرۇن ئېلان قىلغان ب د ت نىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنى «خالىغانچە ۋە كەمسىتىش خاراكتېرلىك تۇتۇپ تۇرۇشى»نىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت تەشكىل قىلىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ب د ت نىڭ تەكشۈرۈش مېخانىزمى تەسىس قىلىشى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، ۋولكېر تۈرك ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ جىددىي مەسىلە، مەزكۇر دوكلاتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ـ قىلماسلىق بولىدىكەن.

## خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى «ب د ت نىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەمكارلىققا ئىمكان قالدۇرمىدى» دېدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 9 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلانغان دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى باش شتابىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى چېن شۈ شۇ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ مۇخبىرلارغا «مەزكۇر ئىشخانا ئاتالمىش باھالاش دوكلاتىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىدى» دېگەن ۋە 31 ـ ئاۋغۇست ئېلان قىلىنغان دوكلاتنى «قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز» دېگەن.

مەزكۇر دوكلات كېلەر ھەپتە ئېچىلىدىغان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىشى مۇمكىن بولۇپ، چېن شۈ شۇ يىغىندا خىتايغا قارىتىلغان ھەر قانداق تەدبىرگە «قەتئىي قارشى تۇرىدىغان»لىقىنى بىلدۈرگەن.

## خىتاينىڭ چەتئەل تاراتقۇلىرىغا قاراتقان ئاخبارات نەيرىڭىگە ئالاقىدار دوكلات ئېلان قىلىندى

«theprint» تورىنىڭ 10 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكادىكى «ئەركىنلىك سارىيى» ناملىق ئاقىللار ئامبىرى 8 ـ سېنتەبىر كۈنى «بېيجىڭنىڭ يەر شارى تاراتقۇلىرىغا كۆرستىۋاتقان تەسىرى: ھاكىممۇتلەق كېڭەيمىچىلىك ۋە دېموكراتىك بەردەمنىڭ كۈچى» ناملىق يېڭى دوكلاتنى ئېلان قىلغان. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلدىن 2021 ـ يىلغىچە خىتاي ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا بولغان تەسىرىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىپ، ختاي ھەققىدىكى ھەر قانداق تەنقىدىي پىكىرلەرنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

مەزكۇر دوكلات «ئەركىنلىك سارىيى»نىڭ ختاي ئىشلىرى تەتقىقاتى دىرېكتورى سارا كۇكنىڭ باشچىلىقىدا تەييارلانغان بولۇپ، دوكلاتتا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي شەكىلدە مەجبۇرلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى ئاخبارات قاناللىرىغا تەسىر كۆرسىتىش سالمىقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ختاي باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، يەرلىك ئاخبارات ئورگانلىرىنى ختاي ھەققىدە يېزىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەش، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ختايغا مايىل سادالارنى كۈچەيتىش، چەت ئەللەردىكى ختايچە ئۈچۈر ۋە مەزمۇن تارقىتىش سۇپىلىرىنى كونترول قىلىش، ھەتتا مۇخبىرلارغا ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ھەر خىل شەكىلدە تەھدىت سېلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان.

## تاجىسمان ۋىرۇسنى باھانە قىلغان قامالار شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر دەرىجىدە قىيىنماقتا

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 11 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل يازدا، ئۆز يۇرتىدىكى تاجىسمان ۋىرۇستىن ئەنسىرەشكەن ختاي سىياسەتچىلەر بىپايان شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا بەس ـ بەستە سىياسەتكە كېلىشكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلىرىدە تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى قايتىدىن يامراپ، نۆۋەتتە غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەر ھەپتىلەرچە داۋاملاشقان، كىشىنى قاتتىق قىينايدىغان تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا قارشى قامال ئاستىدا تۇرماقتا. ئاھالىلەر يېمەكلىك ۋە دورىلارنىڭ، ھەتتا ئايالالارنىڭ ئادەت قەغىزىنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن ياردەم تەلەپ قىلماقتا.

مەسىلەن، 600 مىڭ ئاھالىسى بار غۇلجا شەھىرىدىكىلەر، شۇنداقلا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆپ قىسمى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۆيىدىن چىقماسلىققا بۇيرۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىدا مەھەللە كومىتېتلىرىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئالاقىدار خادىملار يېمەك ـ ئىچمەكنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگەچكە، ئۇششاق بالا ـ چاقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئاچلىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقى، ھەتتا كۈنلۈك ئىشلەپ پۇل تاپىدىغان بەزى ئائىلەلەرنىڭ ئىنتايىن قىممەت باھادا سېتىپ بېرىلىۋاتقان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەي ئاچ قېلىۋاتقانلىقى مەزمۇن قىلىنغان ۋىدىيولار ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدە كۆپلەپ تارقالماقتا.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئالاقىدار دوكلات ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە مۇزاكىرە قىلىندى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى 12 ـ سېنتەبىر 51 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋەققەت كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى نادا ناشىفنىڭ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتى ۋە ئالىي كومىسسار ئىشخانىسىنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئاغزاكى دوكلاتىنى ئاڭلىغان.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى خىتاي ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان، شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى مەۋجۇتلۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن دوكلاتقا ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە باشقا يىگىرمە دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن باياناتنى ئوقۇپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىنىڭ مەزكۇر دوكلاتنى ئېلان قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلغان ۋە مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى دەۋا قىلغان.

ئەمما خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئاتالمىش بىرلەشمە باياناتنى قوللىغۇچىلار بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن ئاز بولغان بولۇپ، بۇ خىتاينى تەنقىدلىگۈچىلەرگە جاسارەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

دىپلوماتلارنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بىلدۈرۈشىچە، دېموكراتىك دۆلەتلەر نۆۋەتتە خىتايغا قارشى تارىخىي قارارنامە ماقۇللاشنى، جۈملىدىن جەنۋەدىكى كېڭەش جەريانىدا تەكشۈرۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىشنى ئويلاشماقتا ئىكەن. ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى قارشى ئالغان ھەمدە 13 ـ سېنتەبىردىكى مەزكۇر دوكلات تۇنجى قېتىم مۇزاكىرە قىلىنغان يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەن.

## شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى باھانىسىدىكى قامال تۈپەيلى ئاچ قېلىش ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 15 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى قىرىق نەچچە كۈندىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان تاجىسمان ۋىرۇسى ۋاباسى باھانىسىدىكى قامال تۈپەيلى، ئۆيلىرىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك قالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان.

خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا، شۇنداقلا تىكتوك ۋە تۋىتېر قاتارلىق سۇپىلاردا ھەمبەھىرلەنگەن ۋىدىيولاردا غۇلجا ئاھالىلىرى قۇرۇقدىلىپ قالغان توڭلاتقۇلىرىنى ۋە ئاچلىقتىن جان تالىشىۋاتقان بالىلىرىنى

كۆرسىتىشكەن. يەنە بەزىلەر 8 ـ ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قامال جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى كۆز يېشى ئىلكىدە بايان قىلىشقان.

بۇ شەھەردىكى، خىتايلار گەرچە قامالنىڭ تەسىرىگە ئۇيغۇرلاردىن ئازراق ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋەزىيەتتىن قاقشىماي تۇرالمىغان. 11 ـ ئاۋغۇست غۇلجا ساقچىلىرى تۆت تور ئابونتىنى تاجسىمان ۋىرۇس قامالى توغرىسىدا «پىتنە» تارقاتقان دەپ قولغا ئالغان. خوڭكوڭدا چىقىدىغان «جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بۇ تۆت كىشى غۇلجا شەھىرىدە بەش كۈندىن ئون كۈنگىچە مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇلغان. گەرچە ساقچىلار قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئۇلارنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، «پىتنە تارقىتىش» بىلەن ئەيىبلەنگەنلەر ئۇيغۇر بولغان تەقدىردە، ھەرگىزمۇ بەش ـ ئون كۈنلۈك قاماق بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقى شەكسىز.

ئىگىلىنىشچە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى قۇرۇلتىيى يېقىنلىشىپ قالغان بۇ پەيتتە، خىتاي تەۋەسىدىكى 74 شەھەردىكى 300 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئومۇمىيۈزلۈك قامالغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىدىكى قامالنىڭ سالمىقى ۋە پۇقرالار دۇچ كەلگەن ئاچارچىلىق قاتارلىق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنىڭ باشقا ھەرقانداق جايدىكىدىن ئېغىر ئىكەنلىكى مەلۇم.

بۇنىڭدىن سىرت، «قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 12 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي تور تەكشۈرگۈچىلىرى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قامال قىلىنغان بۇ رايونلاردىكى يېمەكلىك ۋە دورا يېتىشمەسلىك مەسىلىسىدىكى شىكايەتلەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى پەردازلايدىغان يازمىلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىشكە بۇيرۇلغان.

ئامېرىكادىكى «خىتاي رەقەملىك دەۋرى» تورىدا ئاشكارىلانغان بىر بۇيرۇقتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تور تەكشۈرگۈچىلىرىگە «ئىنكاس كەلكۈنى» ھەرىكىتى قوزغاپ، خىتايغا پايدىسىز ئۇچۇرلارنى شۇلارنىڭ ئىچىگە «غەرق قىلىۋېتىش» ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.

## خىتاي ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىمۇ پۇقرالار قاتارىدا تاجسىمان ۋىرۇس تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇردى

«theepochtimes» تورىنىڭ 16 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نىكولاس بېرنس ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر كوچىغا جايلاشقان تاجسىمان ۋىرۇس يۇقۇم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بوتكىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچرەت ساقلاۋاتقان رەسىمىنى تۋىتېرغا چىقارغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋال توردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان.

مەزكۇر تۆتىپرغا نۇرغۇن خىتاي تورچىلار، جۈملىدىن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىلەرمۇ ئىنكاس قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن دەپ قارىغان.

ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق ئېقىم مەسىلىلىرى تەھلىلچىسى چۇ كەي بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «بېرنىسنىڭ تۆتىپر يوللانمىسى <سىياسىي مەۋقە>نىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئامېرىكانى خىتاي خەلقىگە سەت كۆرسىتىش جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، <بىز (يەنى ئامېرىكا) خىتاي خەلقى بىلەن بىر سەپتە> دېگەن سىگنالنى بەرمەكچى بولغان.

ئەگىلىنىشچە، نىكولاس بېرنس تۆتىپرنى تولىمۇ پائال ئىشلىتىدىغان بولۇپ، يېقىنقى تۆتىپر يوللانمىسىنى يوللىغان كۈننىڭ ئەتىسىلا ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بىلىنكېننىڭ ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تېما قىلغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىرغان تۆتىپر يوللانمىسىنى ھەمبەھىرلىگەن.

## ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىدىن خىتاي سادىر قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى

«theprint» تورىنىڭ 17 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 38 نەپەر ئەزاسى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى كارىم خانغا بىرلەشمە خەت يېزىپ، ئۇنى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۈندىگەن.

خەتتە خىتاينىڭ تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنى تەقىب قىلىپ، ئۇلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇپ كەتكەنلىكى؛ شۇنداقلا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك، قىيناش ۋە مەجبۇرىي تۇغماسلىق قاتارلىق ۋەھشىيلىككە دۇچ كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

خەتتە يەنە تاجىكىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەم دېگەندە توقسان پىرسەنتىنىڭ خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن خىتايغا قايتىشقا يا جىسمانىي، يا روھىي جەھەتتىن مەجبۇرلانغانلىقى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خىتايغا قايتقانلارنىڭ پەقەتلا ئىز ـ دېرىكى بولمىغانلىقى؛ شۇنداقلا، سان ـ ساناقسىز خەۋەرلەردە كۆرسىتىلگەندەك، قورقۇنچلۇق رەھىمسىزلىكلەرگە ۋە خورلاشقا دۇچ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

## دۇنيانىڭ ھەر قايسى يېرىدە خىتايغا قارشى نامايىشلىرىمىز جەۋلان قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىدە ۋىرۇسنى باھانە قىلىپ خەلقىمىزنى ئۆيلىرىگە قامىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى سىن كۆرۈنۈشلىرى چەتئەلگە ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار چوڭقۇر ئىزتىراپقا چۆكتى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار

ۋىرۇس باھانىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش يولىنى تۇتقان خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۆزلىرى تۈرۈشلۇق دۆلەتتىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلدى. خىتاينىڭ ۋىرۇسنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش يولىغا ئۆتكەنلىكىدەك ۋەھشىيلىكىگە غەزەپلەنگەن ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلىرى ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلىرى خىتايغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەنگە ئوخشمايدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، خىتاي ئەلچىخانىلىرىغا تۇخۇم، رەڭ قۇتۇسى قاتارلىقلار ئاتتى. مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ۋەھشىيانە جىنايىتىگە غەزەپ نەپرىتىنى ئىپادىلەپ لەنەت ئوقۇسا، بىر تەرەپتىن قورقماس ئوغۇل قىزلىرىنىڭ باتۇرانە ئىپادىسىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

## ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى خىتاينى ئاۋستىرالىيەنىڭ مەۋقەسىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىدى

«ئاۋستىرالىيە خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 19 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى ئانتونىي ئالبانىس ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ دەپنە مۇراسىمى سەۋەبلىك باكىڭھام ئوردىسىنى زىيارەت قىلىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، BBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، خىتاي بىلەن ئاۋستىرالىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن، خىتاينىڭ قىممەت قارىشى جەھەتتە ئاۋستىرالىيەنىڭ تۇتۇمىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇلارنى ئىلاۋە قىلغان: «ئاۋستىرالىيە چوقۇم ئۆز قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئەمما بۇ بىزنىڭ خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي باردى ـ كەلدى قىلىساق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. مېنىڭ كۆرۈشنى خالايدىغىنىم شۇكى، بىز مۇمكىن بولغان ساھەلەردە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىمىز، ئەمما بىز ئاۋستىرالىيەنىڭ قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرىمىز، خىتاي بۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. خىتاي ھازىر ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتايغا مال ئىمپورت قىلىشىغا جازا يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن زىيانلىق.»

ھالبۇكى، ئامېرىكادا بايدېن يېڭىدىن پرېزدېنتلىققا سايلانغاندا، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بلىنكېنمۇ خىتاي بىلەن «ھەمكارلىششقا بولىدىغان ساھەلەردە ھەمكارلىشىش، دۈشمەنلىششقا تېگىشلىك ساھەلەردە دۈشمەنلىشىش» تاكتىكىسىنى ئېلان قىلغان ۋە خىتاي ئامېرىكا تامامەن خىتاي بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قىلىش مەيدانىنى بىلدۈرمىگۈچە، بۇ خىل «قىسمەن ھەمكارلىشىپ، قىسمەن دۈشمەنلىشىدىغان» تۇتۇمنى زىنھار قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرىنىڭ بۇ تۇتۇمىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماسلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

## ئىتالىيەدىكى بىر ژۇرنال خىتاينىڭ ئىچكى ئەزالارنى ۋەھشىيلەرچە ئېلىۋېلىش جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى

«theepochtimes» تورنىنىڭ 20 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىتالىيەدە چىقىدىغان «Panorama» دېگەن ھەپتىلىك خەۋەر ژۇرنىلى «دۆلەت سىنىك ئىچكى ئەزايىڭغا كۆز تىككەندە» ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ تىرىك كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش ۋە ئۇلارنى شۇ جەرياندا ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك ۋەھشىيانە جىنايىتىنى پاش قىلغان.

ھالبۇكى، مەزكۇر ژۇرنال بۇ ماقالىنى ئېلان قىلغان ھامان، خىتاينىڭ ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بۇنىڭغا قارىتا غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ تور بېتىدە باياناتات ئېلان قىلىپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورىنى كۆچۈرمىكەش دەپ قارىلىغان ۋە خىتاينىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋالغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى «خىتايغا قارشى ئۇنسۇرلار» ۋە «كىشىلىك ھوقۇقنى سۈيىئىستېمال قىلغۇچىلار» دەپ ئەيىبلىگەن. خىتاي ئەلچىخانىسى ھەتتا ئامېرىكانىڭ «خىتايغا بوھتان چاپلاش ئۈچۈن ئىچكى ئەزالارنى مەجبۇرىي ئېلىۋالغانلىق توغرىسىدىكى ئىغۋالارنى توقۇپ چىققانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

لېكىن، «Panorama» ژۇرنىلى ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كەچمەيلا قالماي، يەنە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىللىرىنىڭ تولىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ شىكايەتلىرىنىڭ بولسا تامامەن ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### ئامېرىكا پارلامېنت ئەزاسى ئاقساراي ئالدىدا ئاچلىق ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتى

ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىس سمىسنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تور بېتىدىكى مەخسۇس سەھىپىسىنىڭ 22 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، كىرىس سمىس شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئاچ قالدۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى. ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا. تېخىمۇ كۆپ دىققەت يىغىش، شۇنداقلا بايدېن ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرىش مەقسىتىدە ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاقساراي ئالدىدا ئاچلىق ئېلان قىلىۋاتقان تۆت نەپەر ئۇيغۇر لاگېر شاھىتى ۋە باشقا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن.

سمىس بۇ جەرياندا مۇنداق دېگەن: «پرېزىدېنت بايدېننىڭ ب د ت دا قىلغان سۆزى ئىنتايىن ئاجىز بولدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ۋەزنىنى تامامەن سۇسلاشتۇرۇۋەتتى ... شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، تۈرمىگە تاشلايدىغانلىقىنى ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىز شى جىنپىڭنىڭ دەھشەتلىك مۇستەبىتلىكى توغرىسىدا ھەقىقەتنى سۆزلەش ئۈچۈن ئاجىزلىققا ئەمەس، بەلكى قۇدرەتكە موھتاج.»

ئۇ يەنە پرېزدېنت بايدېننىڭ ب د ت دىكى سۆزىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»، «جازا لاگېرى» ۋە «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش» قاتارلىق ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

## ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار يېڭى قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇردى

ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىس سمىسنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تور بېتىدىكى مەخسۇس سەھىپىسىنىڭ 23 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ ھەپتە، دۆلەت مەجلىسىدىكى ھەر ئىككى پارتىيە ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەدبىر بەلگىلەش مەجلىسىنىڭ ئورتاق رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىس سمىس ۋە يەنە بىر نەپەر ئورتاق رەئىس، ئاۋام پالاتا ئەزاسى توم سوزى يېڭى قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇرۇپ، ب د ت نى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئاساسلىقى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل قىلىنغان يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان دەھشەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈشكە چاقىرغان.

ئىلگىرى دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دەھشەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت 75 تىن ئارتۇق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئاۋام پالاتا ئەزاسى سمىس مۇنداق دېگەن: «كوممۇنىست خىتاي ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىنى سادىر قىلدى. بۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ كەمدە <ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت> شەكىللەندۈرىدۇ.»

ئىگىلىنىشچە، «سمىس ـ سوزى قانۇن لايىھەسى» بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكانىڭ جەنۋەدىكى دىپلوماتىك گۇرۇپپىسىنى بىر قارارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بۇيرۇشقا ئۈندىگەن بولۇپ، مەزكۇر قاراردا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىيىتى ئىشخانىسىنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ب د ت ھەيئىتى قۇرۇپ چىقىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## خىتاي ئۆزىنىڭ خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئالاقىدار ھەرىكەتلىرىگە قارشى «كۈرەش»كە تەييارلانغانلىقى ھەققىدە جار سالدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 23 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ جەنۋەدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى غەرب دۆلەتلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبىدىن خەلقئارانىڭ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلىرىنىڭ بېسىمى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان پەيتتە، خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارشى «كۈرەش قىلىشقا تەييار» ئىكەنلىكىنى جار سالغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ بۇ قېتىم جەنۋەگە بارغان خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە باش بولغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «ئەگەر خەلقئارا جەمئىيەتتىكى بەزى كۈچلەر ـــ ھەتتا خىتايغا قارشى كۈچلەر ـــ ئاتالمىش «شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك

**تەكلىپ» ياكى ئاتالمىش«قارار»نى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز قورقۇپ قالمايمىز. بىز بۇنىڭغا قارشى قەتئىي رەۋىشتە تەدبىر قوللىنىمىز ۋە كۈرەش قىلىمىز.»**

**ئۇ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى بەزى تەنقىدلەرنى قىسمەن بولسىمۇ ئېتىراپ قىلغان تەرزدە: «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلىۋاتىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، ئارقىدىنلا: «‹شىنجاڭ دوكلاتى›دا دەۋا قىلىنغىنىدەك، كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



LEN
مەھمەت ئەمىن يىلدىرىم
ھەرقاچان ھەقنى سۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنى قېرىنداشلارچە
قوللاپ كەلگەن ھۆرمەتلىك مەھمەت ئەمىن يىلدىرىم ئۇستاز

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




**ئەركىنلىك ھەر كىمگە بېرىلگەن نەرسە ئەمەس. ئەركىنلىك كىشىلەر ئۆزى ئالىدىغان نەرسە بولۇپ، كىشىلەر ئۆزى خالىغان قەدەر ئەركىندۇر. - جېيمس بالدۋىن**